ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - رويۇڭ سامان بولماس

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

1997 ژىل
13 - سېنتەبىر
شەنبە
№19
(4080)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر گېزىتلىرى — ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە

ھورمەتلىك گېزىتخان! 1- سېنتەبىردىن جۇمھۇرىيىتىمىزدە 1998- ژىلغا گېزىت ۋە ژۇرناللارغا مۇشتىرى توپلاش ئۇمۇميۈزلۈك باشلاندى. بۇ قېتىممۇ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىت ۋە ژۇرناللارغا يېزىلىش 1- دېكابىرغىچە داۋام قىلىدۇ. ئەندى چەت ئەللەرنىڭ قەرەللىك نەشرلىرىگە يېزىلىش 20- سېنتەبىردە تاماملىنىدۇ.

شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، بېيىل بارلىق گېزىت ۋە ژۇرناللارنىڭ ژىللىق يېزىلىش باھالىرى، ئۆتكەن ژىلغا نىسبەتەن، خېلىلا قىممەت. ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىمۇ بۇ قىممەتچىلىكتىن چەتتە قالغىنى يوق. بىراق، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۆزىنى «مەن ئۇيغۇر» دەپ ھېساپلايدىغان ھەر بىر ئادەم ئۆز ئائىلىسىدە ھەر ئىككى گېزىتنىڭ بولۇشىنى خالايدىغانلىغى ئېنىق. شۇنداقتىمۇ ھەم «ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ»، ھەم «يېڭى ھاياتنىڭ» 1998- ژىلغا يېزىلىش باھالىرى، باشقا گېزىتلارغا قارىغاندا، خېلىلا ئەرزەن. مەسىلەن، بىزنىڭ گېزىتلىرىمىزغا ئوخشاشلا ھەپتىسىگە بىرقېتىم چىقىدىغان كورېي تىلىدىكى «كورىيې ئىلبو» گېزىتىنىڭ بىرژىللىق يېزىلىش باھاسى 1741- تەڭگە 92 تيىن، «ئۇكرائىنسكي نوۋىنىنىڭ» 1120 تەڭگە 08 تيىن، نېمىس تىلىدىكى «دويچې ئالگېماينې سايتۇنىنىڭ» 1852 تەڭگە 32 تيىن تۇرىدۇ. باشقا ئاممىباپ گېزىتلارنىڭ، مەسىلەن «ئېكسپرېس قازاقستاننىڭ» 1787 تەڭگە 28 تيىننى، «كازاخستانسكايا پراۋدىنىڭ» باھاسى 2728 تەڭگە 08 تيىننى، «ۋاس ئالاشىنىڭ» — 1179 تەڭگە 36 تيىننى تەشكىل قىلىدۇ. ئەندى «ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ژىللىق يېزىلىش باھاسى 871 تەڭگە 32 تيىن «يېڭى ھاياتنىڭ» بولسا — 795 تەڭگە 60 تيىن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ باشقا نەشرلەرگە قارىغاندا خېلىلا ئەرزەن باھا.

«ئۇيغۇر ئاۋازى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا جايلاردىكى ئالاقە بۆلۈملىرى، جەمىيەتلىك ئاساستىكى مۇشتىرى توپلىغۇچىلار ۋە گېزىتلىرىمىزنىڭ ئاكتىۋىستلىرى ئارقىلىق يېزىلىشقا بولىدۇ.

ھورمەتلىك گېزىتخان! ھەممىمىزگە بىردەك روھىي ئوزۇق بولۇۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا مۇشتىرى بولۇش يادىڭىزدىن چىقمىسۇن!



1 - سېنتەبىردە جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى بارلىق مەكتەپلەردە دەسلەپكى قوڭغۇراق تەنتەنىلىك تۈردە نىشانلىنىپ ئۆتتى. ھازىر جۇمھۇرىيىتىمىزدە تازا ئۇيغۇر مەكتەپلىرى 13 بولۇپ، ئارىلاش مەكتەپلەر 60 تىن ئاشىدۇ. ئۇلاردا 18 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر باللىرى ئۆز ئانا تىلىدا بىلىم ئالماقتا. جۇملىدىن، تۈركسىب مەھەللىسىدىكى 89 - ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ دەسلەپكى قوڭغۇراق تەنتەنىلىك نىشانلىنىپ ئۆتتى. مەزكۇر مەكتەپتە 220 دىن كۆپرەك ئۇيغۇر باللىرى ئۆز ئانا تىلىدا بىلىم ئالىدىغان بولۇپ، بېيىل 15 تىن كۆپرەك ئۇيغۇر باللىرى بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىندى. ئۇلارغا ئون ئىككى ئالىي بىلىملىك، تەجرىبىلىك مۇئەللىملەر دەرس بەرمەكتە.

سۈرەتلەردە: تەنتەنىدىن كۆرۈنۈشلەر.
پەيزۇللا ئەخمەتوۋ چۈشەرگەن سۈرەتلەر.

ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ پارس قولتۇقى مەملىكەتلىرىگە سەپىرى

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋ بىرىنچى سېنتەبىردىن باشلاپ پارس قولتۇقى مەملىكەتلىرىدە [illegible]

يادرو قۇراللىرىنى تارقاتماسلىق ئۈچۈن

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ 8- سېنتەبىر كۈنى [illegible]

پاكىستان يادرو پوتېنسىيالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى

پاكىستاننىڭ پرېمېر - مىنىستىر ناۋاز شارىپ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا بارىدىغان سەپىرى ئالدىدا ئۆز مەملىكىتىنىڭ يادرو پوتېنسىيالىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

نيۇ- يوركتىكى ئۇچرىشىشتا ئا ق ش پرېزىدېنتى ب. كلىنتون پرېمېر - مىنىستىر بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سوھبىتىدە [illegible]كىستاننى يادرو سىنىغىنى توختىتىش بويىچە شەرتنامىغا ئىمزا قويۇشقا چاقىرىدىغانلىغى سۆزسىز. لېكىن ئىسلاماباد [illegible]شىنى ھىندستاننىڭ مەزكۇر شەرتنامىغا ئالدى بىلەن قول قويمىغىچە ئۆزىنىڭ قول قويمايدىغانلىغى مەلۇم بولماقتا.

تالىپلار شىمالغا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە

«تالىبان» ھەرىكىتىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى تويۇقسىز ھوجۇم قىلىش نەتىجىسىدە شىمالىي قۇندۇز ئۆلكىسىدىكى [illegible]شقورغان شەھىرىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزىي مازارى - شەرىپ شەھرىگە بارىدىغان [illegible]لىق يوللار كېسىپ تاشلاندى.

تالىپلار مازىرىقى ۋاقىتتا گېنېرال ئابدۇل مالىكنىڭ شتاب ئورنى جايلاشقان مازارى - شەرىپ شەھرىگە 20 كىلومېتر [illegible]قىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ قورال تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تالىپلارغا قارشى ئىتتىپاققا كىر[illegible]كەن سابىق پرېمېر - مىنىستىر گۇلبىدىن ھېكمەتيارنىڭ قۇراللىق ئوترەدلىرى تالىپلار تەرەپكە ئۆتكەن ئوخشايدۇ.

موسكۋا جوھار قالا بىلەن كېلىشەلمەيۋاتىدۇ

روسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ باش پروكۇراتورىسى 3- سېنتەبىر كۈنى جوھار قالادا ئىككى ئادەمنىڭ شەرىئەت قانۇنى بويىچە كوپچىلىك ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى فاكتى بويىچە جىنائىي ئىش قوزغىدى. بۇنىڭغا قارشى دەرھال رەسمىي جوھار قالانىڭ سەلبىي مۇقەمسى بايان قىلىندى. ئۇنىڭدا روسسىيە فېدېراتسىيەسى پروكۇراتۇرىسىنىڭ مۇقەمسى [illegible]ئىشتايىن قوپال ھەم ژىراقتى كوردامەسلىك» سۆزىدە باھالانغان. چېچەنستاننىڭ بىرىنچى ۋىتسې - پرېمېرى موۋلا[illegible]دى ئۇدۇگوۋ «مۇنداق بىلدۈرۈش موسكۋا بىلەن جوھار قالا ئوتتۇرىسىدىكى يېقىندىن يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇناسىۋەتلەر[illegible] [illegible]ىي كەسكىنلەشتۈرۈشكە قارىتىلغان» دەپ تەكىتلىدى. ئىچكېرىيەنىڭ ۋىتسې - پرېزىدېنتى ۋاخا ئارسانوۋ ئۆز پىكرىنى [illegible]يخىمۇ كەسكىن ۋە ئوچۇق ئېيتتى. ماڭا، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە، «بۇ توغرىلىق ئاڭلاش كۈلكىلىك»، سەۋەپ «بىز روسسىيەنى تونۇمايمىز، بىز مۇستەقىل دۆلەتمىز». چېچەنستاننىڭ باش پروكۇراتورىسى بولسا چېچەن خەلقىگە قىلىنغان گېنو[illegible]سىد فاكتى بويىچە روسسىيە رەھبەرلىكىگە قارشى جىنائىي ئىش قوزغىدى. روسسىيە پرېمېر- مىنىستىرى ۋىكتور چېر[illegible]ومىردىن ژۇرنالىستلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، كىمدە كىم روسسىيەنىڭ پۈتۈنلىكىنى بۇزۇشنى خالىسا، «ئۇ، ھەم[illegible] [illegible]ە ۋاقتىنقىدەك، پاچەلىك تاماملىنىدۇ» دەپ تەكىتلىدى.

پارتىيە قۇرۇلتىيى خىتاينىڭ يېڭى رەھبەرلىگىنى كورسىتىدۇ

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىنى ئوتكۈزۈش ۋاقتىدا ھاكىمىيەتنىڭ ۋۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىغى كۈتۈلمەكتە. ئۇلار مەملىكەت رەھبەرلىكىنىڭ يېڭى كوماندىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە پارتىيە رەھبىرى جياڭ زېمىن «باراۋەرلەر ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇندا» تۇرىدىغان بىر ۋاقىتتا، مۇھىم ئورۇنلار ئۆز رەھبەرلىرىنى بىر قەدەر ياش، 1989- ژىلى تيەنئەنمىن مەيدانىدىكى قانلىق ۋەقەلەر بىلەن ئۆتتۈر ئالاقىسى يوق شەخسلەرگە ئالماشتۇرماقچى.

دېموكراتىك نامايىشچىلارنى ناھايىتى قاتتىق جازالاش بىلەن ئىنتايىن يېقىن بولغان لى پېڭ ئۆزىنىڭ پرېمېر - لىق لاۋازىمى مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا يېقىنلاشماقتا.

خ ك پ 15- قۇرۇلتىيى لى پېڭنىڭ ۋارىسىنى بەلگۈلەيدىغانلىغى كۆزدە تۇتۇلماقتا، لېكىن جياڭ زېمىننىڭ ئاساسىي تەرەپدارى بولۇپ ھېساپلىنىدىغان لى پېڭ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ۋۇقارقى پەللىسىدە قالىدۇ.

خىتاي مۇخالىپى پارتىيەدىن ماۋنىڭ جەسىتىنى كويدۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى

مەشھۇر شاگخەيلىك مۇخالىپ باۋگى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى ماۋزېدۇڭنىڭ بالزاملانغان جەسىتىنى كويدۈرۈۋېتىشكە چاقىردى. پارتىيە ئەينە شۇنداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ شەخسكە سىغىنىشقا ۋە مۇستەبىدچىلىككە قارشى كۈرىشىش قەتئىي نىيىتىنى ئىسپاتلىغان بولار ئىدى.

موشۇ جۇمە كۈنى ئېچىلىدىغان خ ك پ 15- قۇرۇلتىيىغا قىلغان مۇراجىيىتىدە، باۋگى پارتىيە رەئىسى ماۋنىڭ جەسىتىنى كويدۈرۈۋېتىشى لازىم دەپ بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ جەسىتى 1977- ژىلدىن بۇيان تيەنئەنمىن مەقبەرىسىگە قويۇلغان.

باۋگى مۇنداق دەپ بىلدۈردى: «پارتىيە خىتايغا ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن شەخسكە سىغىنىش ۋە مۇستەبىدچىلىككە قارشى كۈرىشىش خائىشىنى خىتاي خەلقىگە نامايىش قىلىشى ئۈچۈن، خ ك پ 15- قۇرۇلتىيى بىزنىڭ ئاخىرقى لىدېرىمىز ماۋزېدۇڭنىڭ جەسىتىنى كويدۈرۈۋېتىش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىشى لازىم.

خىتاينىڭ باش مىنىستىرى قازاقستان بىلەن نېفت چىقىرىش بويىچە شەرتنامىنى ئىمزالايدۇ

خىتاينىڭ باش مىنىستىرى لى پېڭ بېيىل 25- سېنتەبىر كۈنى قازاقستاننى زىيارەت قىلىدۇ ۋە نېفت چىقىرىش بويىچە شەرتنامىنى ئىمزالايدۇ، دەپ خەۋەر قىلدى پرېزىدېنت مەمۇرىيىتى.

خىتاينىڭ دۆلەت نېفت - گاز شىركىتى ئوزېن كانىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە 1,3 مىللىارد دوللار مىقدارىدا كاپىتال ئوۋلۇش مەبلىغىنى سەرىپ قىلىدۇ. بۇ مەبلەغنى 1997- ژىلدىن 2002- ژىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بېرىش كۆزدە تۇتۇلماقتا.

بېيىل ئىيۇندا خىتاي دۆلەت نېفت - گاز شىركىتى قازاقستاننىڭ دۆلەت ئاقتوبە نېفت شىركىتى بىلەن شەرتنامىنى ئىمزالىدى. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق 140 مىللىون توننىغا يېقىن نېفتقا ئىگە ئۈچ كاندا نېفت چىقىرىلىدۇ.

قازاقستان بىلەن خىتاي شۇنداقلا قازاقستان بىلەن ش ئۇ ئارنى باغلاشتۇرىدىغان 3 مىڭ كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى گاز ئۆتكۈزىدىغان قۇرۇلۇشنىمۇ پىلانلىماقتا.

ئوما ـ 97

دېخانلار ئۈچۈن سىناق پەيتى

كۈز باشلاندى. يېزا ئېگىلىكى ئەمگەكچىلىرى، جۈملىدىن، دېخانلار ئۈچۈن چوڭ سىناق پەيتى. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئاتقۇرۇلىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كوپىيىدۇ: بىيىلقى ۋىلنىڭ ئاشلىقىنى ۋىغىشتۇرۇش بىلەن بىللە كېلەر ۋىلنىڭ ھوسۇلى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىش، ئۇرۇق ۋە يەرلەرنى تەييارلاش، كۆزلۈك بۇغدايىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كوپرەك تېرىش كېرەك. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېزىتىمىزنىڭ ئوز مۇخبىرى پانفىلوۋ ناھىيەلىك يېزا ئېگىلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىغى سۇلىيمان كوشكىنوۋ بىلەن ئۇچرىشىپ، سوھبەتلەشكەن ئىدى. ئۇ ناھىيە ئېگىلىكلىرىدە ھازىر ئاتقۇرۇلۇۋاتقان ئىشلار توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

— ھازىر ناھىيە ئېتىزلىقلىرىدا باشاقلىق زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى ۋىغىشتۇرۇش ئاياقلاشتى. ئەندى دېخانلار كومۇقوناق، قەنت قىزىلچىسى، ئاپتاپپەرەز، ياڭيۇ، كوكتات، ئۈزۈم ۋە ئالما ھوسۇلىنى ۋىغىشقا قىزغىن كىرىشتى. بىيىل دېخانلار كۆزلۈك يازلىق بۇغدايدىن باشقا 17500 گېكتار كومۇقوناق، مىڭ گېكتار قەنت قىزىلچىسى، ئىككى مىڭ گېكتار مايلىق زىرائەت ۋە مىڭ گېكتار مېيداندا ياڭيۇ ھەم كوكتات ئوستۇردى. باراڭلار بىلەن باغلاردا ئۈزۈم ۋە مېۋىلەر مەي باغلىماقتا. ئۇلارنى ئوز ۋاقتىدا ۋىغىشتۇرۇش بىلەن كۆزلۈك ئاشلىق تېرىش ھەم كېلەر ۋىلنىڭ ھوسۇلىغا پۇختا تەييارلىنىش زورۇر.

ناھىيەدە ئاھالىنىڭ ئۇزۇق ـ تۈلۈككە بولغان تەلۇپىگە باغلىق كېيىنكى ۋىللاردا بۇغداي ئوستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. بىيىل ئون بەش مىڭ گېكتار مېيداندا كۆزلۈك ۋە يازلىق بۇغدايىنىڭ ھوسۇلى ئوز ۋاقتىدا ۋىغىشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھەر گېكتارىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون بەش سېنتنېردىن ئالتۇن دان ئېلىندى. بىرلىك، قورغاس، نادەك، ئالماتاۋ ۋە باشقا ئىشلەپ چىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرىنىڭ دېخانلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ۋۇقۇرى كورسەتكۈچلەرنى قولغا كەلتۈردى. نەتىجىدە ناھىيە ئاھالىسىنى ئۇن بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىندى. بارلىق جايلاردا دېگىدەك تۈگمەنلەر ئىشلىمەكتە.

شۇنداقتىمۇ ناھىيەنىڭ ئاساسىي بايلىقى كومۇقوناق ھېساپلىنىدۇ. ئىلگىرى ئۇسەك ۋادىسى جۇمھۇرىيەت كومۇقوناق ئوستۇرگۇچىلىرىنىڭ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى ھېساپلىناتتى. بىراق ئاخىرقى ۋىللاردا كومۇقوناق ئۇرۇغىغا بولغان ئېھتىياج تۆۋەنلەپ كەتتى. دېخانلىرىمىز مىڭ بىر جاپالار بىلەن يېتىشتۇرگەن ئۇرۇقۇقا خېرىدار تېپىلماي قالدى. ئاقىۋەتتە كومۇقوناق مەيدانىنى كەسكىن ئازايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئىلگىرى ناھىيەمىز بويىچە قىرىق مىڭ گېكتارغا كومۇقوناق تېرىلگەن بولسا، ھازىر ئۇنىڭ مەيدانى ئۈچ ھەسسە قىقارتىلدى.

ھازىر كومۇقوناق ھوسۇلىنى ۋىغىشتۇرۇشقا 147 كومباين، باشقا كوپلىگەن تېخنىكا ۋە ئادەم قاتناشماقتا. شۇنداقتىمۇ قىيىنچىلىقلار ئاز ئەمەس. ئېھتىيات قىسىملار، يانار ماي يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئومىدا تەشكىلچانلىق، ئىنتىزام، رەغبەتلەندۇرۇش چارىلىرىمۇ ئىش سۈرئىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئامىلى. ھەممە يەردە بۇنىڭغا جىددىي كوڭۇل بولۇنمەكتە.

دېخانلىرىمىز ئالدىدا تۇرغان يەنە بىر نوۋەت كۆتمەيدىغان ئىشلارنىڭ بىرى كۆزلۈك ئاشلىق تېرىشتۇر. كومۇقوناق ۋىغىشتۇرۇش بىلەن تەڭ دېگىدەك كۆزلۈك بۇغداي تېرىش قىزغىن باشلاندى. بىيىل ناھىيەمىز بويىچە ئون بەش مىڭ گېكتار مەيدانغا كۆزلۈك ئاشلىق تېرىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئۇرۇق تەييارلاندى، يەر ئوسا قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ مۇھىم ئىش چوڭ چىغان، بىرلىك، نادەك، قورغاس ۋە باشقا ئىشلەپ چىقىرىش كوئوپېراتىۋلىرىدا تەشكىللىك ۋۇرگۈزۈلمەكتە.

ئابدۇكېرىم تۇدىياروۋ.
پانفىلوۋ ناھىيەسى.

يېڭىلىقلار، خەۋەرلەر، ۋاقەلەر

توختام قوبۇل قىلىندى، ئەندى جىددىي ھەرىكەت كېرەك

يېقىندا قازاقستان ھوكۈمىتى مەملىكەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتلارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىتىش مەخسىتىدە بىر قاتار توختاملارنى قوبۇل قىلدى. ئەينە شۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ھوججەت دىققەتنى ئالاھىدە تورتىپ جەلىپ قىلىدۇ. ئۇ «جۇمھۇرىيەتتە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ بىر قاتار مەسىلىلىرى» دېگەن توختامدۇر.

مەزكۇر توختامدا قازاقستاندا چارۋىچىلىقنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشنىڭ كۆپلىگەن مۇھىم مەسىلىلىرى كوتىرىلگەن. جۇملىدىن، توختامدا كوپتىن بېرى سوز بولۇپ، ھەل قىلىنماي كېلىۋاتقان قېرىمىز ئېگىلىكلىرى بىلەن شەخسىي ئېگىلىك ئېگىلىرىگە غەمخورلۇقلار كۆچەيتىش توغرىلىق ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ئاتالىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك ھاكىملار مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكلار ۋە دېپارتامېنتلار باشچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يېزا ئېگىلىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ تاۋارلىرىنى تەييارلاش ۋە ئۇلارنى ۋاقتىدا ئوتكۈزۈشنى ئۈيۈشتۇرۇشقا يارەدەم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جاي-جايلاردا تۈزۈلۈك كوئوپېراتىۋلار بىلەن دۆلەت سېتىش بازارلىرىنى كوپلەپ ئېچىش كوزلەنمەكتە. يېزىلاردا كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىجارەت تېخىمۇ كەڭيىدۇ. ئاساسىي تەرەققىيات بانكىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مەبلەغكە ئاساسەن ئىشلەپ چىقىرىشقا كېرەكلىك تېخنىكىلارنى كوپلەپ سېتىۋېلىش پىلانلانماقتا. تېرە بىلەن ۋە يۈڭنى قايتا ئىشلەشنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىدا خەلق ئىستىمال تاۋارلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش كوپىيىدۇ.

توختامدا تورت تۈرلۈك مالنى ئامان ساقلاپ، ئۇلارنىڭ سانىنى تېخىمۇ كوپەيتىش ئۈچۈن قەرز بېرىشنى قايتا قاراش، مال بىلەن قوشنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تېز دېھقانلارغا بوش قەرز ئاخچا بېرىش، شەخسىي ئائىلىلەرگە شەرت ئاساسىدا مال بېرىش توغرىلىق مەسىلىلەر بار. توختام تېخنىكىلىق ۋە مەھسۇلات ئىشلەپ چىقارغۇچىلاردىن جىددىي ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىختىسات بولۇمى.

ۋىتسې ـ پرېمىير ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى

يېقىندا قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىنىڭ ۋىتسې ـ پرېمىيرى، بىلىم ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرى ئىمانغالى تاسماغامبېتوۋ ئالمۇتىدىكى بىر قاتار تىياتىرلار ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى. ئۇ شۇ جۇملىدىن، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنى زىيارەت قىلدى.

ۋىتسې ـ پرېمىير ئۇيغۇر تىياتىرىدا كېتىپ بارغان قۇرۇلۇش ـ ئەكسىگە كەلتۇرۇش ئىشلىرىنى كوزدىن كەچۇردى. ئۇ بۇگۈنكى كۈندە بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىنى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تېز ئارىدا تاماملىنىشى ئۈچۈن سەرىپ قىلىپ، يېڭى ۋىلدا مەزكۇر بىنا دەرگاھىدا كوللېكتىۋىنىڭ ئوز تاماشىبىنلىرى بىلەن يۈز كورۇشۇشى ئۈچۈن ھەممە چارە ـ تەدبىرلەرنى كورۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بۇ ئىشتا مىنىسترلىك تەرىپىدىن مالىيەۋىي يارەدەمنىڭ ۋاقتىدا بېرىلىشى نەزەردىن چەتتە قالمايدىغان ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئېكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ۋىتسې پرېمىير ئوز سوزىدە ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلار زاماندا بارلىق تىياتىرلارنىڭ باشتىن كەچۈرۋاتقان مۇشكۇل ئەھۋالغا ئەندى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ بولسا باشقا كوللېكتىۋلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا ئېكەنلىكىگە توختالدى.

ئوز نوۋىتىدە ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدىيېۋ بۇ كۈنلەردە كوللېكتىۋنىڭ قىزغىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىغىنى تەكىتلىدى. ئۇچرىشىش ئاخىرىدا ئىمانغالى تاسماغامبېتوۋ ئۇيغۇر تىياتىرى كوللېكتىۋىغا يېڭى ئىجادىي ئۇتۇقلار، كۈچلۈك ئىرادە، ئۇستۈن كەيپىيات تىلىدى.

[illegible]

تىياتىرىمىز كوللېكتىۋى بۇ كۈنلەردە تىياتىرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئىككى باسقۇچ قۇرۇلۇشلىرى تۈگەپ، ئاخىرقى ئۈچىنچى باسقۇچنى باشلاش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەندىكى ۋىلى مەۋسۇمنى يېڭى ياسالغان تىياتىر بىناسىدا «انارخان» سپېكتاكلى بىلەن ئېچىش كوزدە تۇتۇلماقتا.

كېزىتلاردا ئىلگىرى خەۋەر قىلىنغىنىدەك، تىياتىرىمىز كوللېكتىۋىدىن 10 ئادەم ياللقۇنجان شەمىيېۋنىڭ «تاۋۇت» سپېكتاكلىنى مىسىر دولىتىگە ئېلىپ كەتتى. بۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر تىياتىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئەجايىپ چوڭ ۋاقە. چۈنكى قازاقستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە 50 دىن ئوشۇق كەسپىي تىياتىر ئىچىدىن ئۇيغۇر تىياتىرىدىكى 10 ئادەمنىڭ 76 دولەتتىن كېلىپ قاتنىشىۋاتقان فېستىۋالغا ئىشتىراك قىلىشى بىزنىڭ تىياتىرغا ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىنغان ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپتۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ يەرگە قازاقستاندىن باشقا كەسپىي تىياتىر كوللېكتىۋلىرى بارغان بولسىمۇ، ئۇلار فېستىۋال قاتناشچىلىرى ئەمەس، مېھمان رېتىدە قاتناشقان ئىدى.

تىياتىردا رېژىسسېر مۇھەت ھېزىمووۋنىڭ رەھبەرلىكىدە گرۇزىن تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «خانۇملار» سپېكتاكلىنى تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كورۇشتۇرۇش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلار كېتىپ بارىدۇ. شۇنداقلا مۇختەر ئەۋېزوۋنىڭ 100 ۋىللىغىغا بېغىشلانغان «مۇقەددەس كۇنا» سپېكتاكلى يەنىلا شۇ مۇھەت ھېزىموۋنىڭ رېژىسسېورلىغىدا بارلىق تەييارلىقلاردىن ئوتۇپ بولدى. م. ئەۋېزوۋ رولىدا ـ تالانتلىق ياش ئارتىست غەيرەت توختىباقىيېۋ، ئەخمەت بايتۇرسىنوۋ رولىدا ـ تالانتلىق ئارتىست پەرھات داۋۇتوۋ ئوينايدۇ.

«ناۋا» ئانسامبلى توغرىلىق ئوزەڭلارغا مەلۇم، ئۇلار يېقىندا ۋېنگرىيەگە بېرىپ كەلدى. ئۇ كوللېكتىۋ 12 مۇقام ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. ھازىر پۈتكۈل دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە، بولۇپمۇ 12 مۇقامغا قىزىقىشى ناھايىتى كۈچلۈك. كەلگۈسىدە ئەينە شۇ پروگرامما بىلەن «ناۋا» ئانسامبلى يېۋروپادىكى 12 چوڭ شەھەرگە گاسترولغا بارماقچى. شۇنداقلا ئۇرالىم ۋارىسوۋ رەھبەرلىكىدە ياشلاردىن تەركىپ تاپقان بىر تۈپ قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلارمۇ جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ. «رۇخسارە» ئۇسسۇل ئانسامبلى گۇلنارا سايىتوۋا رەھبەرلىكىدە ئوز رېپېرتۇئارلىرىنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئىشلىمەكتە. «ياشلىق» ئانسامبلىمۇ ئوز تاماشىبىنلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىنى سەپەرۋەر قىلماقتا.

گۇلباھار ناسىروۋا.
ئۇيغۇر تىياتىرى ئەدەبىيات بولۇمىنىڭ باشلىغى.

ساقلىقتا خورلۇق يوق

يېقىندا بىر تونۇشۇم ئۆي سېتىۋالىمەن دەپ ھېلىگەرلەرگە ئالدىنىپ، ئاۋارىگەرچىلىككە قالدى. ئۇ بۇ ئالدىنىشنىڭ تەپسىلاتى توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىپ بەردى:

ئۆي ساتىمەن دەپ، ئالداپ كەتتى

— يېزىدا ھايات كەچۈرۈش ئېغىرلاشقاندىن كېيىن شەھەرگە كوچۈپ كىرمەكچى بولۇپ يېزىدىكى ئۆي ـ جايىم، مال ـ ۋارانىم، ئومۇر بويى ۋىغقان بىساتىمنى سېتىپ، ئاز ـ تولا پۇل قىلدىم‍دە، ئالمۇتىدا ئوزىمىزگە لايىق ئۆي ئىزدەشكە باشلىدىم. كېزىتلاردىكى ۋە كوچىلاردىكى ئېلانلارنى ئوقۇپ، «ئاقساي» مىكرورايونىدا سېتىلىدىغان ئۈچ خانىلىق ئۆينى كورۈش ئۈچۈن ئادرېسى بويىچە ئۇ يەرگە بېرىپ، ئىشىك قوڭغۇرىغىنى جىرىڭلىتىۋىدۇق. ئىشىك ئېچىلىپ، بىر ياش جۇگان بىزنى قارشى ئالدى.

— ئۆينى ساتىدۇ دەپ ئاڭلاپ، كورۈش ئۈچۈن كەلدۇق، — دېدۇق بىز.

— ئۆينى دەرھال سېتىپ، ئاۋۇلغا كەتمەكچىمىز. قېنى، مەرھەمەت، كورۇڭلار، — دېدى جۇگان.

خانىلارنى ئارىلاپ كوردۇق. ئۆي يېڭى ئاقارتىلىپ، سىرلانغان، ھەممە نەرسىسى جايىدا ئېكەن. بىزگە ياردى.

— قانچىگە ساتىمىز دەۋاتىسىلەر؟

— بۇ يەردە ئەق موشۇنداق ئۆيلەر 10—12 مىڭ دوللار باھالىنىۋاتىدۇ. بىزگە بولسا ئائىلە ئەھۋالى بويىچە چاپسان ئاۋۇلغا كەتمىسەك بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزەن ساتىمىز. ئەگەر ئۆي سىلەرگە ياريغان بولسا، بۇ ئۆينى راستىنلا سېتىۋالىمىز دېسەڭلار، ئۈززۈل ـ كېسىل باھاسى 9 مىڭ دوللار. ئۇنىڭدىن بىر تىيىن كام بولمايدۇ.

بىز بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ خېلە ئۆيلەرنى كورۈپ، باھاسىنى سوزلەشكەن ئىدۇق. شۇڭلاشقا ئوز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئۆينى ئېلىشقا كېلىشتۇق.

— ئۆيىڭىزنى بىز ئالىمىز، رەسمىيىتىنى قاچان ئوتەيمىز؟ سىز ھازىر بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرامسىز؟

— ئانام ئاۋۇلدا ئاغرىۋاتىدۇ. تۇغۇلغان جايىنى تاشلاپ، شەھەرگە كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋۇلغا كەتكەن. مەنمۇ ئالدىراۋاتىمەن. رەسمىيەت ئوتەش ئىدارىسى ئەتىگەندىن باشلاپ ئىشلەشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۆينى ھەقىقەتەن ئېلىشنى قارار قىلغان بولساڭلار، ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە موشۇ يەرگە كېلىڭلار. بىللە بېرىپ رەسمىيىتىنى ئوتەيمىز. بىراق، ئۆينى ئالىمىز دېگۈچىلەر ناھايىتى كوپ. تېخى ئالدىڭلاردىلا بىرلىرى كېلىپ بىز ئالىمىز دەپ كېتىشتى. لېكىن ھېچ قانداق زاكلاد بەرمىدى. ئەگەر سىلەر ئالساڭلار، زاكلاد ئۈچۈن ئۆي باھاسىنىڭ يېرىمىنى قويۇپ كېتىڭلار. قالغىنىنى ئەتە رەسمىيەتنى ئوتەپ بولغاندىن كېيىن بېرىسىلەر. بولمىسا، سىلەرنىڭمۇ يالتىيىپ قېلىشىڭلار مۇمكىنغۇ، ئۆزۈڭ مەن نەدىن بىلەمەن، — دېدى جۇگان.

ئۆينىڭ باشقىلارغا سېتىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يېنىمىزدىكى 3 مىڭ دوللارنى زاكلاد بېرىپ، ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە يېتىپ كېلىدىغان بولۇپ قايتىشتۇق.

تەلىيىمىزگە ھەم ياخشى، ھەم ئەرزەن ئۆي تېپىلىپ قالدى، دەپ خوشال بولۇشتۇق ئۆيگە بارغاندىن كېيىن.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئالماقچى بولغان ئۆيگە كېلىپ، ئىشىك قوڭغۇرىغىنى جىرىڭلاتتۇق. ئۆيدىن تۈنۈگۈنكى جۇگان ئەمەس، يېشى يەتمىشلەردىن ئالقىغان بىر چال چىقىپ، سورىدى:

— سىلەرگە كىم كېرەك؟ كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ نېمە ئىشىڭلار بار؟

— تۈنۈگۈن بۇ ئۆينىڭ ئېگىسى ئۆينى بىزگە 9 مىڭ دوللارغا ساتماقچى بولۇپ، ئۈچ مىڭ دوللار زاكلاد ئالغان. بۈگۈن سائەت 9 دا رەسمىيەتلىرىنى ئوتەشكە كېلىشكەن ئىدۇق. قېنى ئۇ جۇگان؟ — دەپ سورىدۇق.

— ھېچ قانداق جۇگاننى بىلمەيمەن ۋە تونۇمايمەن. بۇ ئۆي مېنىڭ. بۇ يەردە تۇرىۋاتقىنىمغا كوپ ۋىللار بولدى. قېرىغىنىمدا ئۆينى سېتىپ، مېنى تالادا ياتقۇزۇماقچىمۇ سىلەر؟ — دېدى چال رەنجىگەن ھالدا ئۆينىڭ ئوز نامىدىكى ھوججەتلىرىنى كورسىتىپ.

بېشىمىزدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى. پېشانىدىن بۇژۇلدە تەر چىقىپ، ۋەس ـ ۋەسىدە سورىدۇق.

— تۈنۈگۈن بۇ ئۆيدە بىر ياش جۇگان بولغان. نەگە كەتتى؟ سىزنى بۇ ئۆيدە كورمىگەن ئىدۇقغۇ؟

— مەن ئۇزىقان يوقلاپ ئاۋۇلغا كەتكەن. تۈنۈگۈن كەچتە كەلدىم. مەن كەلگەندە ئۆيدە ھېچ كىم يوق ئىدى. مېنىڭ ئۆيۈمنى سىلەرگە ساتماقچى بولغان قانداق جۇگان؟ مېنى ئاخماق قىلماڭلار!

چال سەل ئوزىنى باسقاندىن كېيىن دېدى:

— راست بۇ ئۆيگە ئاۋۇللاردىكى تۇققانلىرىمنىڭ باللىرى كوپلەپ كېلىپ ـ كېتىپ ۋۇرىدۇ. بىراق، ئۇلار سىلەر دېگەندەك ئادەم ئالدايدىغانلاردىن ئەمەس. كىم بىلىدۇ، ئەگەر كېپىڭلار راست بولسا، ئۇلارنىڭ يامان نىيەتتىكى تونۇشلىرى كېلىپ، سىلەرنى ئالداپ كەتكەن بولسا...

بىز نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، ھېلىگەرلەر قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغىنىمىزغا تىت ـ تىت بولۇپ، ئاخىرى بولغان ۋاقە توغرىلىق مىلىتسىيەگە خەۋەر قىلدۇق.

— يامان بوپتۇ، — دېدى مىلىتسىيەدىكىلەر،— ھازىر ئالدامچىلار، ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار، ئاخچا ئۈچۈن ئادەم ئولتۇرىدىغان قاتىللار كوپىيىپ كەتتى. سىلەر ئۆي ئالىمىز دەپ، چوڭ خاتالىققا يول قويۇپسىلەر. ئۆي ساتقۇچىنىڭ پاسپورتىنى تەكشۇرۇپ، ئاخچىنى ھېچ بولمىغاندا ئىككى ـ ئۈچ خوشنىسىنىڭ گۇۋاچىلىقىدا بېرىشىڭلار كېرەك ئىدى. سىلەر بولساڭلار ئاخچا ئالغان ئايالنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىمۇ ئۇقمايسىلەر. بولغان ۋاقەنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق يېزىپ، ئەرىزە بىلەن تاشلاپ كېتىڭلار. ئىزدەپ كورىمىز. تەلىيىڭلار بولسا، تېپىلىپ قالار، — دېدى مىلىتسىيە خادىملىرى.

مانا شۇنىڭدىن بېرى ئالتە ئايغا يېقىن ۋاقىت ئوتتى. بىزدىن ئۈچ مىڭ دوللار ئالغان ھېلىگەر تېپىلمىدى. شۇ ئارىدا بىر نەچچە قېتىم مىلىتسىيەگە باردۇق. لېكىن «ئىزدەۋاتىمىزدىن» باشقا جاۋاپ يوق. كېيىن ئاڭلىساق، «ئۆي ساتىمەن» دەپ ئالدىغۇچىلار بىلەن ئۆي ئالىمىز دەپ ئالدانغۇچىلار يالغۇز بىزلا ئەمەسكەنمىز...

ھە، كونىلار «ساقلىقتا خورلۇق يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئادەملەر قەلبىدىن ئىنساپ، ديانەت بارغانسىرى كوتىرىلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا ئوزىگە ساق بولمىغانلارنى قاڭغىر قاخشاتقۇچىلار كوپەيمەكتە. ئوزەڭلارغا ساق بولۇڭلار!

مالىك سادىروۋ.

بىزنىڭ سۆھبەت

قول – قولنى ژۇيسا، قول قويۇپ ئۇزنى ژۇيار

ئۇزىنىڭ قۇرۇلغىنىغا تېخى بىر ژىل تولمىسىمۇ، «پانا» فوندى خەلقىمىزنىڭ ئايرىم قاتلاملىرىنى ئىجتىمائىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىشتا بىر تالاي خەيرىخاھلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى بۇ، ئەلۋەتتە، ھەممىمىزنى خۇرسەنت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىزدە «فوندىنىڭ كېلەچىكى قانداق بولار؟ خەلقىنىڭ «ئىختىسادىي ئۇسۇلۇغىنى»قىسمەن بولسىمۇ قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ بۇلاقنىڭ «كوزى» كۇنلەرنىڭ بىرىدە يېپىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ» دېگەن ئەندىشە بار. بۇ تەشۋىشلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتكە قانچىلىك دەرىجىدە يېقىن ئېكەنلىكىنى بىلىش مەخسىتىدە«پانا» خەيرىخاھلىق فوندىنىڭ پرېزىدېنتى ماكېلان شەرىپوۋ بىلەن ئۇچراشتۇق.

– ماكېلان ئاكا، ئەگەر خاتالاشمىسام، بۇگۇنكى كۇنگە قەدەر «پانانىڭ» كىرىمىدىن كورە چىقىمى كوپ بولۇۋاتىدىغۇ دەيمەن؟

– شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بىزنىڭ پانالىيىتىمىزدىن خەۋەردار بولغان ھەر بىر ئادەمنىڭ كوزى يېتىشى كېرەك. دەپ ئويلايمەن. «پانا» فوندى قۇرۇلغان كۇندىن باشلاپ، خەيرىخاھلىق ئىشلار ئۇچۇن بەش مىللىون تەڭگە سەرىپ قىپتىمىز. ئەندى فوندىمىز «قازنىغا» كېلىپ چۇشكىنى بولسا بىر مىللىون تەڭگە. مانا موشۇ يەردىنلا كىرىم بىلەن چىقىمنىڭ ئايرىمىسى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى،ئوتكەن ژىلى «پانا» فوندىنى تونۇشتۇرۇش مەراسىمىدا سالاھىيەتلىك ئادەملىرىمىز تەرىپىدىن ۋەدە قىلىنغان ئانىلار تېخىچىلا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىزغا «يېتىپ كەلمەيۋاتىدۇ».شۇنداقمۇ روھىي چۇشكۇنلۇككە بېرىلىپ، ئىشىمىزنى توختاتقىنىمىز يوق. بىزنىڭ ئەڭ ئىشەشلىك تىرەكلىرىمىزدىن بولغان «راخات» بازىرىنىڭ تىجارەتچىلىرى، جۇملىدىن ئۇنىڭدىكى مىللىي ئاشخانىلار رەھبەرلىرى رەخىم ھاجى، يۇسۇپ ھەمرايېۋ، ئادىلجان جانباقىيېۋ، شاۋكەت سادىقوۋ، قاھار ئىمىنوۋ، ئابباس رىزايىدىنوۋ،ئالفىنا ماكاروۋا، يۇپىتېر ئومەروۋ، ھوسمان قارى ھاجىم، ئابلىمىت ئىلى دەريا، ھەسەن ئانۇمەتوۋ ئوخشاش جان كويەرلىرىمىزنىڭ بۇگۇنلا ئەمەس، كېلەچەكتىمۇ خەلقىمىز مەنپىيىتىگە ئائىت مەسىلىلەردە قول قوشتۇرۇپ تۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. موشۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئوتۇش مۇھىمكى، ھەر ئايدا 800 نۇسخا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنى تارقىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئەينە شۇ «راخات» بازىرىدىكى15 مىللىي ئاشخانىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئوز زىممىسىگە ئالدى.

– «پانا» فوندىنىڭ يېنىدىكى «ناۋا» ئانسامبىلىنىڭ ياشلىرىدىن قۇرۇلغان توپ ھەققىدە خەۋىرىمىز بار...

– سوئالىڭنى چۇشەندىم. بىز ياش سەنئەتكارلىرىمىز بىلەن بىر ئاز ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق.ئۇلار تەرىپىدىن ئالمۇتا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە خەيرىخاھلىق كونسېرتلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇلاردىن چۇشكەن مەبلەغ ئېنىغراغى ئەق پۇل ھېساۋىدا 500 مىڭ تەڭگە پايتەخت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرنىڭ يازلىق جوندەش ئىشلىرى ئۇچۇن سەرىپ قىلىندى.پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەقەت تىياتىر قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ باشقىمۇ مەسىلىلىرى بىلەنلا بەنت بولماي، «پانا» فوندىنىڭ تەكلىنىشىگە ئۇز ھەسسىسىنى قوشۇۋاتقان ئۇيغۇرتىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدىيېۋقا، تىياتىر سەھنىلەشتۇرۇش بولۇمىنىڭ ۋە تىياتىر قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىقى ئازات رەزاموۋقا، «مىراس» فىرمىسىنىڭ پرېزىدېنتى قەھرىمان ئىمىنوۋقا مىننەتدارلىق بىلدۇرگۇم كېلىدۇ.

– تىياتىر بىناسى قۇرۇلۇشىغىمۇ «پانانىڭ» ياردىمى بولۇۋاتقاندۇ؟

– يالغۇز تىياتىرىمىزنىڭ تەغدىرىگە ھېچ كىم بىپەرۋالىق بىلەن قارىمىسا كېرەك. جۇملىدىن «پانا» فوندىنىڭ ئىككى ئەزاسى، ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى سىر بولۇپ قالسۇن، تىياتىر بىناسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىنى ئوز كۇچى بىلەن كوتىرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىۋاتىدۇ.شۇنداقلا «مىراس» فىرمىسىنىڭ پرېزىدېنتى، «پانا» فوندىنىڭ ۋىتسې – پرېزىدېنتى قەھرىمان ئىمىنوۋمۇ مەزكۇر بىنا قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىنى قوز مەبلىغى ھېساۋىغا تاماملاش ئىستىكىنى بىلدۇرۇۋاتىدۇ.

– دېمەك، تىياتىرىمىز بىناسىنىڭ تېز ئارىدا تاماملىنىشىغا ئۇمۇت بار. ئەندى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولماق؟

– ئوتكەندە ئوز مەكتىۋىنىڭ مەسىلىسى بىلەن ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ غالجات يېزىسىدىكى مەكتەپ مۇدىرى «پاناغا» مۇراجىئەت قىلىپ كەپتۇ. مەن ئۇنى «راخات» بازىرىدىكى غالجاتلىق تىجارەتچىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئەھۋالنى چۇشەندۇردۇم. ئۇلار، جۇملىدىن يۇسۇپ ھەمرايېۋ 100 كۇندىلىك، 2000 دەپتەر،500 قەلەم، جەننەتبۇۋى سىدىقوۋا، ۋىليام توختىباقىيېۋلارنىڭ ھەر بىرى ئون مىڭ تەڭگىدىن ئىئانە قىلدى. ھەتتا ئابباس رىزايىدىنوۋ «مېنىڭ رەمتى ئاتام فارمېنوۋ غالجات مەكتىۋىدە ئوقۇغان» دەپ ئون مىڭ تەڭگە بەردى.

تېخى يېقىندىلا يەنە شۇ ئۇيغۇر ناھىيەسي «چولپان» ئىشلەپ چىقىرىش كوئوپېراتىۋىنىڭ رەئىسى توختاسۇن مەرىپوۋ ئېگىلىك ئىشلىرىنى ماكغۇزۇش ئۇچۇن يېقىلغۇنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، «پانادىن» ياردەم سوراپ كەپتۇ. ئۇلارغا سولەركا ئۇچۇن 50 مىڭ تەڭگە ئاجراتتۇق.

دېمەكچى بولغىنىم، ھەر بىر يۇرتىنىڭ شەھەركە كېلىپ تىجارەتچىلىك قىلىۋاتقان ژىگىتلىرى ۋە باشقىمۇ ساھالاردا ئەمگەك قىلىۋاتقان ھاللىق ئادەملىرى بارغۇ! ئەينە شۇلار ئوزلىرىنىڭ كىندىك قېنى توكۇلگەن يۇرتى ئۇچۇن ئىئانە قىلىپ، ياردەم قولىنى سۇنسا، يېزىلاردىكى ئاھالىنىڭ مۇئەممالىرىنى قىسمەن بولسىمۇ، ھەل قىلىشقا بولاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ۋاقىت شارائىتى ياربەرمىسە، ئىئانىنى «پانا» فوندىنىڭ ھېساپ چوتىغا ئەۋەتسۇن. بىز ئۇنى ئۇلارنىڭ رايىچە، بىر تىيىنىنى ئىرى – بىرى قىلماي، ئوز يولىدا پايدىلىنىمىز.

– ئۇمۇمەن، «پانادىن» ياردەم سوراپ، مۇراجىئەت قىلغانلار كوپمۇ؟

– خېلە بار. ئۇلارنىڭ ئۇرغۇنى مەكتەپلەردىن. بەختكە قارشى، فوندىمىزدا تەييار پۇل يوق. ئامما پۇل تېپىش مۇمكىنچىلىكى بار. مەسىلەن،مەن ژۇقۇرىدا تەكىتلەپ ئوتكەن «ياش ناۋاچىلار» توپى ياردەمگە مۇھتاج مەكتەپلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن خەيرى – خاھلىق كونسېرت كورستەلەيدۇ. بۇنىڭ ياخشى تەرىپى،بىرىنچىدىن، ئاتا – ئانا، ئوقۇغۇچى، مۇئەللىملەر كونسېرت كورۇپ ھادۇق ئالسا، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭدىن چۇشكەن پۇل تولۇغى بىلەن ئۇيۇشتۇرغۇچى مەكتەپنىڭ ھېساۋىغا قالدۇرۇلىدۇ. مانا موشۇ يولدىن پەقەت بىلىم دەرگاھلىرىلا ئەمەس، باشقا ئۇيغۇر مەھكىمىلىرىمۇ پايدىلانسا بولىدۇ.

پۇل تېپىشنىڭ ئەپلىك يولىنى ئۇگىتىپ قويدىڭىز.ئەندى «پانانىڭ» كېلەچىكى ھەققىدە ئويىڭىز قانداق؟

– «پانانىڭ» كېلەچىكى – خەلىققە باغلىق. چۇنكى،بازار ئىختىسادىنىڭ قانۇنى بويىچە ھەر ئىككى تەرەپتىن مەنپىيەتدارلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «قول قولنى ژۇيسا، قول قويۇپ ئۇزنى ژۇيار» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! شۇنىڭ ئۇچۇن ئوز خەلقىمىز كېلەچىكىنى ئويلىساق. ئۇنىڭغا قولدىن كېلىشچە ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «پانا» فوندىنىڭ ھېساپ چوتىنى يەنە بىر قېتىم گېزىتخانىلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ ئوتمەكچىمەن.

كاز ئېنېرگو ئىنۋېست بانك ر/س 700113
كود 712 ئى ف ئو 712 190501 ر ن ن
600 700 127527

– بۇگۇنكى كۇنگە قەدەر فوندىمىزغا ھېچ يەردىن پۇل كېلىپ چۇشمىسىمۇ، خەيرىخاھلىق پائالىيىتىمىزنى توختاتقىنىمىز يوق. پات يېقىندا ياركەنت تەۋەسىگە خەيرىخاھلىق سەپەر ئۇيۇشتۇرۇش تەرەددۇتىنى كورۇۋاتىمىز.

– گېزىتخانىلارغا يەنە نېمە ئېيتارىڭىز بار؟

– مانا بېيىلمۇ ژىلدىكىدەك قوش گېزىتك «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا مۇشتىرى توپلاش مەۋسۇمى باشلاندى. مەن بارلىق گېزىتخانىلارنى، ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنى سويۇملۇك گېزىتلىرىمىزغا يېزىلىشقا چاقىرغان بولار ئىدىم.

سوھبەتلەشكەن ئېرشات ئەسمەتوۋ.

سەپەر تەسىراتلىرى

تىياتىر – مەدەنىيەت ئوچىغى

يېقىندا ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئابدىرىم ئوغلى ئەخمەدىيېۋ ئىجادىي كوماندىروۋكا بىلەن لوندون ۋە پارىژدا بولۇپ قايتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇخبىرىمىز ئۇنىڭغا توۋەندىكى سوئاللار بىلەن مۇراجىئەت قىلدى.

– مۇرات ئاكا، بۇ سەپەرنىڭ ئەسلى مەخسىتى نېمىدىن ئىبارەت؟



– ئوتكەن ئاينىڭ ئاخىرىدا ماڭا غەرىپنىڭ تەرەققىي قىلغان ئىككى دولىتىنىڭ پايتەختى لوندوندا ۋە پارىژدا ئىجادىي كوماندىروۋكىدا بولۇشقا توغرا كەلدى. بىز، سەككىز ئادەم – قازاقستاندىن، روسسىيەدىن ۋە ئوزبەكىستاندىن بارغان ھەر خىل دەرىجىدىكى تىياتىرنىڭ دىرېكتورلىرى ئون كۇن داۋامىدا ئۇلۇق برىتانىيەنىڭ ۋە فرانسىيەنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئېگە بولغان تىياترلار ھاياتى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇشقا توغرا كەلدى. ئەسلى بىزنىڭ ئاساسىي مەخستىمىز ئۇلۇق برىتانىيە ئىختىسادىي ئىنستىتۇتىنىڭ «مەبلەغ مېنېجمېنتى ۋە تىياتىر ھەم كوڭۇل كوتىرىش مەھكىمىلىرى»پروگراممىسى ئاساسىدا قىسقا كۇرسقا قاتنىشىشتىن ئىبارەت بولدى.

غەرىپتە تىياتىر ئوزىنى ئوزى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان شەخسىي مەھكىمە.بىزمۇ بازار ئىختىسادىغا ئىشەشلىك كىتىپ بارىمىز، دېمەك، كەلگۇسىدە تىياترلار ھوكۇمەت دوتاتسىيەسىدىن تولۇق ئازات قىلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئېيتايلۇق، ئۇيغۇر تىياترى ئوزىنى ئوزى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە قادىرمۇ؟

ئىلگىرى بۇ سوئالغا بىر تەرەپلىمە ئېنىق جاۋاپ بېرىشكە ئوزەمۇ پېتىنالمىغان بولار ئىدىم.ئەندى، موشۇ سەپەردىن كېيىن، مەن ئىشەشلىك تۇردە، «ۋاقتى كەلگەندە ئۇيغۇر تىياترى ئوزىنى ئوزى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە تولۇق مۇمكىنچىلىك بار» دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمەن. چۇنكى، قازاقستاندىكى بىردىن – بىر ئۇيغۇر تىياترىنىڭ دىرېكتورى سۇپىتىدە كوڭلۇمگە پۇككەن چارە – تەدبىرلەر، ئۇلارنىڭ ئىشەشلىك ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىمەن. بىراق، بۇ قېتىم مەن تىياترىمىز قانداق قىلغان تەغدىردە ئوزىنى ئوزى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە بولىدۇ، دېگەن كەپنى ئېيتماقچى ئەمەسمەن، ژۇقۇرىدا ئېيتقىنىمدەك، ئۇ ۋاقىت تەلىۋى.

– ئۇ ياقلاردىكى تىياتىر بىلەن بىزنىڭ تىياترىدا قانداق پەرقىنى بايقىدىڭىز؟

– تىياتىر – ئەڭ ئالدى بىلەن مەدەنىيەت ئوچىغى. بارلىق نەرسە، تىياترىنىڭ كورۇنۇشىمۇ، ئارتىستلارمۇ، تاماشىبىنلارمۇ، قىسقىسى تىياتىرغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق نەرسىلەر «مەدەنىيەت» ئىبارىسىگە ماس كېلىشى شەرت.شۇنداقلا ئوزىدە مەدەنىيەتلىك ھىس قىلغان ھەر بىر ئادەم تىياتىرغا پەقەت قانداقتۇ بىر سەھنە ئەسىرىنى، ياكى كونسېرت پروگراممىسىنى كورۇش ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قانداق دەرىجىدە ئېكەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە كېلىشى لازىم. ئەندى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ دەرىجىسى تىياترىمىز بىلەن ئارتىستلارنىڭ سەھنە مەدەنىيىتى بىلەن، زالدىكى تاماشىبىنلار ئوزىنى تۇتۇش مەدەنىيىتى بىلەن ئولچىنىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسال كەلتۇرمەكچىمەن: لوندوندا بىز ئالبېرت خوللا نامىدىكى تىياترىنى زىيارەت قىلدۇق.زالدا بەش يېرىم مىڭ تاماشىبىن، ھەممىسىنىڭ قولىدا نوتا، سىمفونىيەلىك مۇزىكا كونسېرتى بولۇۋاتىدۇ،دېمەك، ئەشۇ 5,5مىڭ تاماشىبىننىڭ ھەممىسى نوتا بىلەمدۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق. بىراق ئۇلار مۇزىكىنى شۇنداق بېرىلىپ تىڭشاشنى بىلىدۇكى، زالدا ساناقلىقلا تاماشىبىن ئولتارغاندەك، ھېچقانداق ئارتۇق ھەرىكەت بىلىنمەيدۇ. ھەر بىر نومېر ئارىلىقىدا بىر مىنۇتتەك پائۇزا بار، بۇ پەقەت تاماشىبىن ئوزىنى يەنە بىر قېتىم تۇزەپ ئولتىرىۋېلىشى ياكى چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىشى ئۇچۇنلا يارىتىلغان شارائىت. ھەقىقىي تىياتىر مەدەنىيىتى دېگەن مانا موشۇ ئەمەسمۇ.ئەندى بىز قەدەم تەشرىپ قىلغان باشقا تىياترلاردىمۇ بارلىق ئىش – ھەرىكەت، ژۇقۇرى تەرەققىي ئەتكەن مەدەنىيەتنى ئوچۇق نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. لوندوندا چوڭ شەخسىي سەككىز تىياتىر، بەش كونسېرت مەيدانى ئەللىكتىن ئوشۇق كىچىك – كىچىك تىياترلار بار. ئەينە شۇلارنىڭ ھەممىسىگە بەش – ئالتە ئاي ئىلگىرى بىلىت سېتىلىپ بولىدىكەن. مەسىلەن، تىياترلارغا ئالدىن – ئالا بىلىت سېتىۋېلىش كومپيۇتېر خىزمىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، تېلېفون بويىچىمۇ بۇيرۇتما قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇ دەرھال كومپيۇتېر پروگراممىسىغا كىرگۇزۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لوندوننىڭ يە بىر تىياترىدا، يە بىر كونسېرت مەيدانىدا ھەرگىز بوش ئورۇن بولمايدىكەن. ئىنگلىزلار سەنئەتكە بەك خۇمار خەلقمۇ؟ مۇمكىن، شۇنداقتۇر، لېكىن ئۇلۇق برىتانىيەلىكلەر ئۇقۇمىدا مونۇ تېزىس سۇپىتىدە شەكىللەنگەن: «ئوز مەدەنىيىتىڭنى تېخىمۇ رىۋاجلاندۇرۇشنى،ئۇنى قەدىرلەشنى خالىساڭ، تىياترىنى زىيارەت قىل» بۇ ئۇقۇم، بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ شەكىللىنىشى شەرت.

– ئانگلىيەنى «مۇزېيلار ئېلى» دەپ ئاتايدۇ، شۇنى بايقىدىڭىزمۇ؟

– ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇق برىتانىيە – بۇ مۇزېيلار ئېلى. ھەر بىر تىياترىنىڭ ئوز مۇزېيى بار، ئۇنى زىيارەت قىلغۇچىلار، تاماشىبىنلىرىدىن ئاز ئەمەس. ھەر كۇنى تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگىچە تىياتىر مۇزېيلىرى ئادەملەردىن خالىي ئەمەس.مەسىلەن، پەقەت بىرلا «مادام تيۇسسو» مۇزېيىنى ھەر كۇنى بىر مىللىونغا يېقىن ئادەم زىيارەت قىلىدىكەن.ھەر بىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 40 ئا ق ش دوللىرىنى خەشلەيدۇ. ھېساپلاپ كورەيلى. ئەلۋەتتە بۇ ئاز مەبلەغ ئەمەس.ئەگەر بىز ئوزىمىزنىڭ بىرەر سەنئەت كورگەزمىسىنى بىر ئاي داۋامىدا يۇزدەك ئادەم زىيارەت قىلسا، چوڭ ئوتۇق دەپ سانايمىز.ئەندى ئۇلۇق برىتانىيەنىڭ مىللىي سەنئەت كالېرىيەسىنىمۇ ھەر كۇنى مىللىونغا يېقىن ئادەم تاماشە قىلىدىكەن. بۇ يەردىمۇ – ھەر بىر ئادەم 30 — 40 ئا ق ش دوللىرىنى خەشلەيدۇ. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر بىر ئانگلىيەلىك ھەپتىسىگە بىر قېتىم بىر مۇزېيغا بارسا، بىر ژىل داۋامىدا پەقەت لوندوندىكى مۇزېيلارنىڭ ئازلا قىسمىنى زىيارەت قىلالايدىكەن. ئۇلارغا تىياترلارغا، مۇزېيلارغا بېرىش، خۇددى قانۇندا شۇنداق يېزىلغاندەك، شەرتلىك نەرسىگە ئوخشاش. شۇڭلاشقا ئۇلار بىزگە قارىغاندا مەدەنىيەتلىك، ھاللىق تۇرمۇشتا ياشايدۇ.

– فرانسىيە توغرىلىق تەسىراتىڭىز قانداق؟

– فرانسىيەدىمۇ خۇددى شۇ ئەھۋال: قانۇنغا قەتئىي رىئايە قىلىش ژۇقۇرى مەدەنىيەت ۋە سەممىيلىك، پەقەت تىلى بىلەك، بولمىسا ئوزەڭنى تېخى ئۇلۇق برىتانىيەدە ژۇرگەندەك ھىس قىلىشىڭ مۇمكىن.

راست، ھازىر تىياترىمىز رېمونتتا، بىراق ئەتە ئوكۇن تىياترىمىز ئوز ئىشكىنى ئاچقاندا، مىللىي سەھنىمىزنى سېغىنغان مىڭلىغان تاماشىبىنلىرىمىز ئوزىنى ئۇيغۇر تىياترىغا ئەمەس، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇلىقىغا كەلگەندەك ھىس قىلسۇن، دەپ ئويلايمەن. تىياترىمىز ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىغا شەخسەن ئوزۇم ئىشىنىمەن.

سوھبەتلەشكەن
ئىبراھىم باراتوۋ.

قىسقا خەۋەرلەر

قازاقستان نەشرلىرى – دۇنياۋىي كىتاپ يەرمەنكىسىدە

موسكۋانىڭ 850 ژىللىق تويى ھارپىسىدا روسسىيە پايتەختىدە «كىتاپ تېجلىق ۋە تەرەققىيات خىزمىتىدە» دېگەن شار بىلەن ئېچىلغان 10 – خەلىق ئارا كىتاپ يەرمەنكىسىگە قازاقستان دېلېگاتسىيەسىمۇ قاتناشتى. يەرمەنكىنىڭ ئاساسىي مەخستى باسمىخانىلار بىلەن كىتاپ سېتىش تەشكىلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى كۇچەيتىش، ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى تەرغىپ قىلىش، خەلىق ئارا مەدەنىي ھەمكارلىقنى تەرەققىي ئەتكۇزۇشكە ياردەملىشىشتىن ئىبارەت.

دۇنيانىڭ 42 مەملىكىتىنىڭ مىڭغا يېقىن نەشرىياتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان مەزكۇر يەرمەنكىدە قازاقستاندىكى ئەڭ ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۇملىدىن، ن. نازارباييېۋنىڭ «ئەسىرلەر بوسۇغىسىدا» كىتاۋى، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ يۇلتۇزلىرى ئاباي، جامبۇل، مۇختەر ئەۋېزوۋنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر ۋە باشقا كىتاپلار نامايىش قىلىندى.

يوشۇرۇن سېخ ئاشكارىلاندى

يېقىندا پانفىلوۋ ناھىيەسى ئىچكى ئىشلار بولۇمىنىڭ چاپسان ھەرىكەت قىلىش ۋە مەمۇرىيەت پولىتسىيەسى بولۇمچىلىرىنىڭ خادىملىرى كونتراباندىلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى جىددىي ئوپېراتسىيە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى.

ئەتىجىدە ئىككى كۇن ئىچىدە ساقچىلار سپىرتنى ھاراقا ئايلاندۇرۇپ ياركەنت بازىرىدا سېتىپ ژۇرگەن يوشۇرۇن توپنى قولغا چۇشەردى.ئۇلارنىڭ كوكتال يېزىسىدىكى مەخپىي ھاراق ياسايدىغان سېخى ئاشكارىلاندى. ئۇلارنى موڭغۇلىيەدىن موشۇ يەرگە كوچۇپ كەلگەن پۇخرالار سپىرت بىلەن تۇراقلىق تەمىنلەپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. يۇزلىگەن لىتر سپىرتنى كىيىم – كېچەك ئارىسىغا يوشۇرۇپ، چېگارىدىن ئوتۇۋاتقان «سودىگەرلەرنىڭ» قانۇنسىز ھەرىكىتىنى قورغاس تاموژنىسىدىكىلەرنىڭ «بايقىماي قېلىشى» دولەتكە بىر مىللىون تەڭگىدىن كوپرەك زىيان كەلتۇرگەن.

ھازىر ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار بولۇمچىسىنىڭ تەركىۋىچىلىرى يوشۇرۇن سېختا ھاراق ياسىغۇچىلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان 2340 لىتر سپىرتنىڭ قەيەردىن قانداق كەلتۇرۇلگەنلىكىنى ئېنىقلىماقتا. مىرزاغالى نۇرسېيىت.

باتۇر راشىدىن

فاكتلار رەت قىلىدۇ

ۋەتەن تارىخىنىڭ نامى ھەم دەۋرلىرى ھەققىدە

ھەممە تارىخلارنىڭ تۈپ مەزمۇنى بىلەن مەقسىتى بەلگۈلەيدىغان بىردىن - بىر نىشان - شۇ تارىخنىڭ ئاتىلىشى بىلەن دەۋر ھەم باپلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىدۇر. ۋەتەن تارىخىمىزنى يېزىپ چىقىشتا مانا شۇ ھالقىلىق مەسىلىدە مىللىي تارىخچىلىرىمىز بىلەن خىتاي ياللانما تارىخچىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رىقابەت موجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

ھوقۇقنى قامال قىلىۋالغان مۇستەملىكچى خەن شوۋىنىستلىرى بېجىن ھەم ئۈرۈمچىدە 1954 - ژىلدىن بۇيان «ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنى» قۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن يەر داۋاسىنى قىلغۇچى ساختا ئۇيغۇر تارىخلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئۇيغۇرلارغا ھاكىم مۇتلەقلىق كۈچ بىلەن مەجبۇرىي تاڭدى. ھەم ئوتتۇرا، ھەم ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرى ئۈچۈن دەرسلىك قىلىپ بەكىتتى. بۇ خىل ساختا تارىخلار قاتارىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئاتاشقا بولىدۇ: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە مەلۇمات» (فىڭ جاشىڭ، چىڭ سۇلۇ قاتارلىقلار. بېجىن، 1956 - ژىل)، «ئۇيغۇر تارىخى» (لى فۇتۇڭ. بېجىن. 1957 - ژىل)، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (چىن خۇا، گو فىڭلىياڭ، ۋاڭ جىلەي. ئۈرۈمچى، 1984 - ژىل)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئۇيغۇر تارىخى گۇرۇپپىسى. بېجىن، 1990 - ژىل)، «ئۇيغۇر تارىخى» (لىۇ زىشاۋ، ئۈرۈمچى - بېجىن، 1988 - ژىل) ۋە باشقىلار.

بىر - بىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى ھەم تولۇقلىغۇچى بۇ ساختا تارىخلارنىڭ ئالدىغا قويغان مەخسىتى - ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى «ئەزەلدىن خىتاي زېمىنى» قىلىپ بەكىتىش، مۇستەملىكچىلىك سىياسەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تارىخىي ئاساس يارىتىش ۋە ئاخىرقى ھېساپتا خىتايلاشتۇرۇش ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت.

بىزگە تېڭىلغان ئاتالمىش «تارىخلار» تۆۋەندىكى ساختىلىقلىرى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى: 1. خىتاي مۇستەملىكچىلىك سىياستىگە بىنائەن بىزنىڭ ۋەتەن تارىخىمىز دولەت تارىخى دەرىجىسىدە ئەمەس، بەلكى خىتايغا بېقىندى، ئۇنىڭ مەنتەقەسى ئىچىدىكى بىر خەلق تارىخى دەرىجىسىدە تۈزۈلۈشى كېرەك بولغان. شۇڭا تارىخىمىز نامى ۋەتەن، زېمىن نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى، خەلق نامى بىلەن ئاتالغان. 2. بۇ خىل ساختا ئۇيغۇر تارىخلىرىنىڭ بارلىغى خىتاي تارىخىنىڭ تەركىۋى قىسمى دەپ قارالغان. شۇڭا تارىخىمىزنىڭ دەۋرلىرى بىلەن ژىلنامىلىرى خىتاي تارىخىنىڭ دەۋرلىرىگە، ژىلنامىلىرىغا باغلاشتۇرۇلغان. 3. تارىخىمىزنىڭ مىللىي مەنبەلىرى رەت قىلىنىپ، خىتاي ئەپسانەۋىي ھەم غەرەزلىك مەنبەلىرى ئاساس قىلىنغان. ئەرەپ - پارس، رۇس مەنبەلىرى تىلغا ئېلىنمىغان ياكى ھاقارەتلەنگەن. 4. «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دولەت بولمىغان» دېگەن يالا چاپلانغان. ئىدىقۇت، قاراخانىيلار دولەتلىرى «جۇڭگونىڭ بولۇنمە خانلىقلىرى» قاتارىدا ھېساپلانغان. 5. ئۇيغۇرلار ھۇن، تۈرك تەركىۋىگە كىرمەيدۇ. ئۇيغۇرلار 5 ئەسىردە شەكىللەنگەن خەلق، دەپ پەسەيتىپ كورسەتكەن. 6. شىنجاڭدا ئېرامىزدىن بۇرۇنقى خەن، ئېرامىزنىڭ باشلىنىشىدىكى تاڭ سۇلالىرى كوپ مىللەت (جۈملىدىن خىتايلار) ياشاپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار 8 ئەسىردە ئورخون ۋادىسىدىن تۇرپان ئويمانلىقىغا كوچۇپ كەلگەن، دېگەن بىر تەرەپلىملىك ئويدۇرما قاراشنى تەرغىپ قىلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنى ۋەتەنسىز قىلىپ كورسەتكەن. 7. ئۇيغۇرلارنى خىتايغا بېقىندى، خىتايپەرەس، ئاجىز - بىچارە، كوچمەن بىر مىللەت سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. 8. شەرقىي تۈركىستانغا تەجاۋۇز بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن قارا خىتاي، موڭغۇل قالايمىقانچىلىقلىرىنى ئىجابىي تارىخ سۈپىتىدە باھالىغان ھەم ئۇلارغا چوڭ ئورۇن بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ سايىسىغا كومۇپ تاشلىغان. 18 ئەسىردىن بۇيانقى مانجۇر - خىتاي باسقۇنچىلىقىنى «شىنجاڭنى تېچلاندۇرۇش» ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش» دەپ كورسەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى «مىللىي بولگۈنچىلىك»، «ۋەتەنگە (خىتايغا دېمەكچى ب. ر.) ئاسىيلىق»، «چەت ئەلگە باغلانغانلىق»، «جاھانگىرلارنىڭ قۇترىتىشى» دېگەن چۈشەنچىلەر بىلەن ئىزاھلىغان. مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ قەھرىمانلىرى «خائىنلىق» بىلەن ئەيىپلەنگەن، ھەققىي مىللىي مۇناپىقلار «توھپىكار» سۈپىتىدە مەدھىيلەنگەن. 9. غەربىي تۈركىستاندىكى (پەرغانە ۋادىسىدىكى) قان - قېرىنداشلارنىڭ مىللىي - ئازاتلىق كۈرەشلىرىمىزگە قىلغان ياردەملىرىنى «خىتاي زېمىنىغا قىلىنغان تاجاۋۇزلۇق» دەپ بورىلىغان. 10. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي باسقۇنچىلىقىدىن كېلىپ چىققان ھەممە بالائىي - ئاپەت، قاشقاقلىقلار ئىسلام دىنىغا، دىندارلارنىڭ تەخت تالىشىشىغا ئارتىلغان، ئۆز قىلمىشلىرىنى، قىرغىنچىلىقلىرىنى جىددىي يوشۇرغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئاتالمىش بۇ ساختا «ئۇيغۇر تارىخلىرى» ۋەتىنىمىزدە مىللىي تارىخچىلىرىمىزنىڭ كۈچلۈك رەددىيەسىگە ئۇچرىدى. خەلقىمىزنىڭ قەھرى - غەزىپىنى قوزغاپ، مىللىي قارشىلىق كورسىتىشتەك ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ ئەكسىيەتچى تارىخلارغا جاۋابەن مىللىي تارىخچىلىرىمىز ھەققىي ۋەتەن تارىخىمىزنى ئىشلەپ چىقىشقا بەل باغلىدى. مۇستەملىكچىلەرنى سەرسانغا سالغان مەشھۇر ئۈچ كىتاپ («ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1986 - ژ، «قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» 1988 - ژ، «ئۇيغۇرلار» 1989 - ژ) ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. [illegible]

1991 - ژىلى يانۋاردا ت. ئالماس ئۈستىدىن [illegible] «شىنجاڭ گېزىتىنىڭ» 1991 - ژىلى [illegible] «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتاپنىڭ [illegible] 100 مىسال» [illegible] 1991 - ژىلنى [illegible] دەپ جاكالىدى.

بىز بۇ ماقالىمىزدا [illegible]

1. ئالدى بىلەن تارىخىمىزنىڭ نامى زادى نېمە دەپ ئاتىلىشى كېرەك؟ - دېگەن مەسىلىگە توختىلايلى. [illegible]

مەلۇمكى، ھەممە تارىخلار ۋەتەن (دولەت) تارىخى بىلەن خەلق (مىللەت تارىخى) كەبى ئىككى كاتېگورىيىگە بولۇنىدۇ. [illegible]

ئەكس ئېتىدۇ. بىراق خىتاي «تارىخچىلىرى» كونا مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئىپادىلەشتە: «جۇڭگونىڭ غەربىي چېگارا رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار تارىخى» (باشقىچە ئېيتقاندا، «غەربىي رايون تارىخى» ياكى «شىنجاڭ تارىخى») سۈپىتىدە بايانلاشنى ئاساسىي مۇددىئا قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنسىزلىكى (ۋەتىنى جۇڭگو بولۇپ قالغانلىغى) ناھايىتى ئېنىق شەرھىلەنگەن. بۇ خىل رەزىل كوز قاراش «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىدا» تۆۋەندىكىچە ئىپادىلەنگەن: «بۇ كىتاپتا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىلا سوزلەنگەچكە، رايون (شىنجاڭ) تارىخىدىن پەرىقلىنىدۇ» (7 - بەت). «قەدىمقى شىنجاڭدا كوپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان» (5 - بەت)، «ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا شەكىللەنگەن» (19 - بەت) دېيىلگەن بولسا، «ئۇيغۇر تارىخىدا» (لىۇ زىشاۋ): «ئۇيغۇر خەلقى شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن» (4 - بەت) دەپ، بۇ «ئورتاق شىنجاڭ» مەسىلىسىگە باشقىچە ئىبارە بىلەن يانداشقان. ئۇلار بۇ خىل نائىلمىي چۈشەنچىنى ئوز ئەمگەكلىرىدە ئالغا سۈرۈشتە ھەرگىز مەنبە بىلەن دەللىلەشنى ئويلىمايدۇ، بەلكى مۇستەملىكچىلىك سىياسەتنى، زومىگەرلىكنى چىقىش نۇختىسى قىلىدۇ. ھازىر ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا: «ۋەتىنىمىز جۇڭگو» دەپ قاراش مانا شۇ مۇستەملىكچىلىك سىياسەتتىن كېلىپ چىققان ئويدۇرمىنىڭ ئومۇملىشىپ قالغانلىقىدىن بولماقتا.

ئۇلار گەرچە قېدىمىي ئەپسانە «خەننامىنى» دەستەك قىلىشسىمۇ، ئىككى مىڭ ژىلدىن بۇرۇنقى توقۇلمىنى بۈگۈنكى يەر داۋاسىغا «ھوججەت» قىلىشقا بولمايدۇ. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىدا» بۇ مەسىلە تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «مىلادىيەدىن ئىلگەركى 101 - ژىلى غەربىي خەن ھوكۇمىتى بۇ يەردە (شەرقىي تۈركىستاندا دېمەكچى) چېرىكچى بېكى قويغان» (5 - بەت)، «خەنسۇلار شىنجاڭغا ناھايىتى بۇرۇن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى» (32 - بەت)، «مىلادى 460 - ژىلى تۇرپان رايونىدىكى خەنسۇلارمۇ مۇستەقىل دولەت قۇرغان» (33 - بەت). مانا بۇ خىيالدىن توقۇلغان خىتاي ئەپسانىلىرى بىرلا مەخسەتنى، يەنى «شىنجاڭ خىتاي زېمىنى»، «شىنجاڭ كوپ مىللەت زېمىنى»، «شىنجاڭ تارىخى - خىتاي تارىخىنىڭ تەركىۋى قىسمى»، «شىنجاڭ تارىخى - كوپ مىللەت تارىخى» دېگەنگە ئوخشاش غەرەزلىك يەر داۋاسىنى كوزلىگەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

ئەگەر بىز تارىخىمىزنى قانداق ئاتاشنى بىرىنچى دەرىجىلىك مەسىلە دەپ چۈشەنسەك، ئۇ چاغدا «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دەپ ئاتىلىشتىكى غەرەزنى ئاسانلا بىلىۋالىمىز. بۇ كىتاپ ئاپتورلىرى ئۇيالمايلا: «شىنجاڭ دېگەن ئىسىم بىلەن كوپ زامانلاردىن بېرى ئىشلىتىلىپ كەلگەن غەربىي رايون دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى ئوخشاش... شىنجاڭ دېگەن ئۇقۇم بىلەن غەربىي رايون دېگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت گۇنكرېت، كوپ تەرەپلىملىك ھەم قويۇق» دەپ يازغان (2 - 3 - بەتلەر)، دېمەكچى بولغىنى: «شىنجاڭ دەپ ئاتىلىشى بىلەن بۇ زېمىننى خىتاينىڭ يېڭى مۇستەملىكىسى بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى خەن دەۋرىدىن قالغان كونا مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار بىر تەرەپتىن «شىنجاڭ تارىخى» دېگەندە خىتاي مەنتەقەسى ئىچىدىكى بىر پارچە زېمىن تارىخى بولۇشى كېرەك» دېگەن غەرەزنى ئالغا سۈرمەكچى بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇ تارىخنى ئاتالمىش «ئۇيغۇر تارىخلىرىدىن» پەرىقلەندۈرۈشتە غەرەز بىلەن «شىنجاڭ كوپ مىللەتنىڭ زېمىنى» (1 - بەت) دېگەن داۋانى ئاساسلاشقا ئۇرۇنغان. رەقەم بىلەن كەۋدىلەندۈرگەندە بۇ «تارىخنىڭ» 530 بەتتىن تەركىپ تاپقان بىرىنچى كىتاۋىنىڭ 270 بېتى خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھوكۇمرانلىقىغا بېغىشلانغان. قالغان 262 بېتى 18 - ئەسىردە شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشكەن كوچمەن قالماقلارنىڭ تارىخىنى بايانلاشقا ئاجرىتىلغان. ئۇيغۇرلار ھەققىدە پەقەت «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ئاساسىي مىللەت بولۇپ قېلىشى» ناملىق 5 - باپتا (32 - بەت) بايانلانغان. قىسقىسى، بۇ ساختا تارىخنىڭ مۇئەللىپلىرى «شىنجاڭ تارىخى - ئۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخى ئەمەس، بەلكى كوپ مىللەتنىڭ بىرلىككەن تارىخى» دېگەن مۇستەملىكچىلىك خائىشىنى ئالغا سۈرگەن.

ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ نامى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ياكى «ئۇيغۇرىستان تارىخى» بولۇشى كېرەك. شۇڭا بۈيۈك تارىخچىمىز مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ئوز ئەمگىكىنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دەپ ئاتىغان. بۇ نام بەكمۇ مۇۋاپىق بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي نامى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى، خەلقى بىلەن ھودۇدىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېرامىزدىن بۇرۇن ھەم كېيىن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىغا تارقىلىپ، ئۇنى ۋەتەن تۇتۇپ، گۈللەندۈرۈپ كەلگەن بارلىق تۈركىي قەبىلىلىرىنى (ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، توخسى، چىگىل، كوكتۈرك، قىپچاق قەبىلىلىرىنى) ۋە بۇ تائىپىلارنىڭ ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە سىڭىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ھازىرقى كەڭ مەنادىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ بىلدۈرىدۇ. خىتاي «تارىخچىلىرىنىڭ» «ئۇيغۇر تۈرك ئەمەس» دېگەن غەرەزلىك تەتۈر تەشۋىقاتلىرى ئىلمغا قارشى مۇستەملىكچىلىك سىياسەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئەزەلدىن «تۈركىي خەلق»، «تۈركىي تىل»، «تۈركىستان»، «شەرقىي تۈركىستان» قاتارلىق تارىخىي، ئىلمىي ھەم سىياسىي تۈسكە كىرگەن ئۇقۇملاردىن ئۈلگىچە قورقۇپ كەلدى. «شىنجاڭ»، «ئاپتونومىيە» ئوخشاش مۇستەملىكچىلىكنى بىلدۈرىدىغان ئىبارىلارنىڭ خوجايىنلىرى «شەرقىي تۈركىستان»، «ئۇيغۇرىستان» ئوخشاش مۇستەقىللىقنى بىلدۈرىدىغان ناملاردىن قورقىدىغانلىغى تەبىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر تارىخچىلىرىدىن ماخمۇت قۇتلۇقوۋ (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!) ئوز كىتاۋىنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» (1970 - ژ.)، مەرھۇم دوكتور پولات قادىرىي «ئولكە تارىخى» دەپ ئاتىدى (ئۈرۈمچى، 1978 - ژىل). ئۇلار ئانا ۋەتىنىمىز تارىخىنى يەر نامى بىلەن ئاتاپ، ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىمۇ كورسەتتى. ت. ئالماسنىڭ ئوز كىتاۋىنى «ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىشىغا كەلسەك، تەبىيكى، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ ئوز ۋەتىنىمىزدە قەتئىي چەكلەنگەنلىكىدىن بولغان. ئەمما ئۇ ۋەتىنىمىز ھودۇدىنى سىزىپ كورسىتىپ، ئۇنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى» دېگەن سىنونىم بىلەن ئىپادىلىدى (1 - 2 - بەتلەر). جۈملىدىن، ئۇ ۋەتىنىمىز مەنتەقەسىنى: «تەڭرى تاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدىكى تارىم ۋادىسى، تەڭرى تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىلىغىدىكى جۇڭغارىيە دالاسى بىلەن ئىلى ۋادىسى» دەپ ئېنىق كورسەتتى. خىتاي «تارىخچىلىرى» بولسا «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىدا»: «شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ بىر قىسمى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئولكە - رايونلىرىنىڭ بىرسى» دەپ جولىگەن (1 - بەت).

2. ھەممە تارىخلارنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ دەۋرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ سانىلىدۇ. ۋەتەن تارىخىمىزنىڭ ئاچقۇچىمۇ ئۇنىڭ دەۋرلىرى بىلەن تارىخىي باسقۇچلىرىنى ئەمەلىي ھەم ئىلمىي ئاساستا دەۋرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ تارىخىمىزنى يېزىشقا چات كېرىۋالغان خوجايىنلار بۇ مەسىلىدىمۇ مۇستەملىكچىلىك سىياسەتكە تايىنىپ، خىتايلاشتۇرۇلغان دەۋرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى تارىخىمىزغا ئېلىپ كىردى. جۈملىدىن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىدا» تۆۋەندىكىچە دەۋرلەشتۈرۈلگەن: «شىنجاڭنىڭ سىنىپىي جەمىيەتكە ئوتۇشى ۋە ئىچكى ئولكىلەر بىلەن (خىتاي بىلەن دېمەكچى) بولغان مۇناسىۋىتى»، «غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە غەربىي رايون دوفۇ (قورۇقچى بەگ) مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى»، «غەربىي خەن ھوكۇمىتى ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ غەربىي رايوندا ژۈرگۈزۈلۈشى»، «غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق»، «شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى»، «2 - 3 - ئەسىرلەردە جوجان قاتارلىق كوچمەنچى مىللەتلەرنىڭ باش كوتىرىپ چىقىشى ۋە شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى»، «شىمالىي ۋېينىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى»، «تۈرك خانلىغىنىڭ زالىملىغى ۋە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى، سۈي سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، غەربىي رايوندا مەنسەپ تەسىس قىلىشى»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمىر - پەرمانلىرى» ۋە باشقىلار.

قىسقىسى، بۇ «تارىختا» خىتايدىن كېيىن موڭغۇل، قالماق، مانجۇر - خىتاي كەبى باسقۇنچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زومىگەرلىك تارىخىنى «شىنجاڭ تارىخى» قىلىۋالغان، خالاس.

1956 - ژىلدىن 1980 - ژىلغا قەدەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن كوپ قارشىلىق كورستىشكە ئۇچرىغان، قايتا - قايتا مۇزاكىرىگە چۈشكەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىغا» كېلىدىغان بولساق، يەنىلا خىتايلاشتۇرۇلغان دەۋرلەشتۈرۈشنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئەشەددىي تۈرىنى كورىمىز. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى

ئويدۇرمىلار قوللىنىلغان: «شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر»، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى»، «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»، «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، «قارا قىتان خانلىقى، موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، «چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، «يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار» ۋە باشقىلار. كورۇپ تۇرغىنىمىزدەك بۇ «تارىختىكى» دەۋر ھەم بابلار ئۇيغۇرلارنى دولەت تۇتمىغان، ئوزگە دولەتلەرگە بېقىندى، ئوز تارىخى يوق مىللەت سۈپىتىدە كورسىتىلگەن. تارىم ۋادىسىنى ئۇيغۇرلارغا (تۈركىيلەرگە) مەنسۇپ زىمىن ئەمەس، بەلكى شەرقىي ئىران تىللىق ساك، توخۇ خەلقلىرىگە مەنسۇپ دەپ بايان قىلىنغان. تۈركىي تىللىق ھۇن، سىيانپى، ئاۋار، كوكتۈركلەرنىڭ تارىم مەدەنىيىتىنى كورسەتمىگەن. بەلكى بۇ مەدەنىيەتنى تاشقىرىدىن كەلگەنلەرگە (جۈملىدىن خىتايلارغا) مەنسۇپ قىلىپ كورسەتكەن.

قاراخانىيلار، قارا خىتاي (قىتان)، موڭغۇل (چاغاتاي) ۋە مانجۇر- خىتاي دەۋرلىرى دېگەن بابلارنى يازغاندا ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ سايىسىدا كومۇلۇپ قالغان، ئەكسىچە، غەيرىي، كەلگىندى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ياساپ چىقىلغان. «شىنجاڭ ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەمەس» دېگەن رىياكسون قاراش ئەينە شۇنداق بابلار ئاستىغا يوشۇرۇلغان. سەئىدىيە ئۇيغۇر دولىتىنى «يەكەن خانلىقى» دەپ ھەم كىچىكلىتىپ، ھەم ئۇيغۇردىن ئايرىپ قارىغان.

ئۇيغۇرلارنى ھاماقەت قىلىشتا بىر ئاز ئۇستىلىق ئىشلەتكەن «ئۇيغۇر تارىخىغا» كەلسەك، ئۇنىڭدىكى ۋەتەن تارىخىمىزنى دەۋرلەشتۈرۈش، بابلارغا بولۇشتىكى ئەيرەڭۋازلىق ژۇڭگوردىكى ئىككى ساختا كىتابتىن قېلىشمايدۇ. بۇ كىتاپتىمۇ شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئەمەس دېگەن سەپساتا ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىنى ئالدى بىلەن ھۇن تەركىۋىدىكى دىگىلىك، جۇجان تەركىۋىدىكى تېلى، تۈرك تەركىۋىدىكى ئۇيغۇرلار دېگەن ماۋزۇلار بىلەن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنى ھۇن، جۇجان ۋە تۈركلەردىن ئايرىپ تاشلايدۇ. ھەم ئۇلارنى بىر- بىرىگە دۈشمەن قىلىپ كورسىتىدۇ. بۇ كىتاپتىمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىنى ئورخۇن بويىدىكى ئورخۇن خاندانلىقىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىغا توختالمايدۇ، ئەكسىچە «ئۇيغۇرلارنىڭ غەرىپكە كوچۇشى» بابى ئاستىدا 841- ژىلى كوچۇپ كەلگەن گەنسۇ (كەك سۇ)، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە گەپ قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان تارىم، تۇرپان ۋادىسىدىكى تۈركىي- ئۇيغۇرلار تارىخىدىن سوز ئاچمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كوچۇپ كېلىشىدىن بۇرۇن تۇرپان ۋادىسى خىتايلار زىمىنى بولغان دېگەن ياسالما تارىخ كەشىپ قىلىنغان. قاراخانىيلار دولىتى دەۋرىنى «غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى» ماۋزۇسى ئاستىدا بېرىپ، قاراخانىيلار دولىتىگە «خاندانلىق» دېگەن كىچىكلىتىش ئاتالغۇسىنى قوللانغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى بابلار «موڭغۇل ئىمپېرىيەسى»، «چاغاتاي خاندانلىغى» «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بىرلىككە كەلتۈرۈشى» دەپ ئاتالغان. كورۇپ ئوتكىنىمىزدەك، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغان تارىم ۋادىسىنىڭ 8- ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخى كىتاپقا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇنىڭ ئورنىغا: «تارىم ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى» دېگەن ئويدىن توقۇلغان بابنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق خەن ھەم تاڭ سۇلالىرىدىن باشلاپ 10- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا خىتايلار بۇ ۋادىنى ئىگىلىگەن؛ خىتايلار بىلەن شەرقىي ئىرانلىقلار، ھۇنلار، جۇجانلار، تېلىلار، تۈركلەر 9- 10- ئەسىرلەردە تەدرىجى ھالدا ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى دېگەن كەبى ئۇيغۇرنى بولۇپ قاراش خاتا تېندېنسىيەسى كوچەپ تەرغىپ قىلىنغان (393- 404- بەتلەر).

قارا خىتايلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ، قالماقلار بىلەن مانجۇر-خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغانلىقىدەك قارا تارىخنى بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنغا قويۇپ، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچ نېمە ئېيتمىغان. بەلكى خىتايچە ناملانغان: «غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرى»، «مىڭ سۇلالىسى دەۋرى»، «خىڭ سۇلالىسى دەۋرى» دېگەن بابلارنى كىرگۈزۈپ، بۇ غەيرىي ئىقلىملارنىڭ باسقۇنچىلىغىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيلىگەن، يەرلىك تۈرك (ئۇيغۇر) خەلقىنىڭ ئوزىگە خاس مىللىي تارىخىنى كومۇپ تاشلىغان.

كورۇپ ئوتكىنىمىزدەك، بۇ كىتاپنىڭ نامى «ئۇيغۇرلار تارىخى» دېيىلگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر داۋاسىنى ئاساسلاش مەخسىتىدە يېزىلغان. خوجايىنلار تەرىپىدىن بىزگە تېڭىلغان ھەممە «تارىخلارغا» ئوخشاش بۇ تارىخمۇ ئۇيغۇرلارنى 8- ئەسىردە شىنجاڭغا كوچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇرپان ئويمانلىغى خىتايلارنىڭ زىمىنى بولغان دېگەن خىتايلارچە غەرەزلىك ساختا پىكىرگە ئاساسلانغان.

ئۇنداق بولسا شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ئوزىگە خاس قېلىپلاشقان دەۋرلىرى بىلەن باسقۇچلىرى بارمۇ؟ بار بولسا، ئۇلار قانداق؟

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى يېڭى پەن ئەمەس. ئۇنىڭ نامى بىلەن دەۋرلىرىنى خىتايلارنىڭ خالىغانچە ئوزگەرتىپ، بۇلغايدىغان ئېگىسىز تارىخمۇ ئەمەس. ئوزگىلەرنىڭ بىزگە تارىخ يېزىپ بېرىشىگە مۇھتاج بولۇۋاتقان ئۇيغۇرمۇ يوق. شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا دائىر قېدىمىي قولىيازمىلار، ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ ئەمگەكلىرى ئىنتايىن كوپ. پەقەت بىرلا قېينچىلىغىمىز باركى، ئۇ بولسىمۇ ئوز تارىخىمىزنى ئوزىمىز يازىدىغان، خوجايىنلارنىڭ ساختا «ئۇيغۇر تارىخلىرىغا» رەددىيە بېرىدىغان ھوقۇقىمىزنىڭ ئوز ۋەتىنىمىزدە چەكلەنگەنلىكىدۇر. ئەسلىدە بۇ ۋەتەن تارىخىمىزنىڭ مۇكەممەل ئىلمىي نۇسخىسى بۇنىڭدىن 60 ژىل مۇقەددەم بۈيۈك تارىخچىمىز مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تەرىپىدىن كابۇلدا يېزىپ تاماملىنىپ، 1940- ژىلى كەشمىردە، 1971 ۋە 1987- ژىللىرى ئەنقەرەدە نەشىر قىلىنغان ئىناۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دۇر. بۇ تارىخنىڭ دەۋرلىرى بىلەن بابلىرى (مۇندەرىجىسى) مىللىتىمىزگە يات، غەيرىي تۇيۇلمايدۇ. ئۇ تۆۋەندىكىچە: «قەدىم تۈركلەر تارىخى»، «قەدىم شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھۇنلارغا قوشۇلۇشى»، «ئۇشخان، سىيانپى، توبا تۈرك، جۇجان، تاتار، يەپتال، كوكتۈرك، تۇغلۇق تۈركەش، قارلۇق، ئۇيغۇر، قاراخان دەۋرلىرى»، «قارا خىتاي، چىڭگىزخان ئىستىلاسى»، «چىنغا قارشى ئىنقىلاپلار»، «ياقۇپبەگ ۋاقىئەسى»، «شەرقىي تۈركىستانغا تۆرت قېتىملىق چىن (خىتاي) ئىستىلاسى»، «شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئىنقىلاۋى»...

بۇ مۇندەرىجىنىڭ مىللىي (ۋەتەن) تارىخىمىزنى دەۋرلەشتۈرۈشتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇ خىتايلاشتۇرۇلغان تارىخنىڭ غەيرىي چۈشەنچىلىرىدىن تامامەن خالى. شەرقىي تۈركىستان پۈتكۈل تۇرانىيەنىڭ تەركىۋىدىكى بىر مىنتەقە، قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ كوپ خەلقلەرنىڭ بىر بولىكى دەپ، بۇ تارىخ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوزىگە خاس تارىخى مەخسۇس بايانلىنىدۇ. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خەتتىنامە، تاگلىنامە يازمىلىرى «ئەپسانە ھەم غەرەزلىك مەنبەلەر» دەپ ھېساپلىنىدۇ. تارىخچى تۈركىي، ئىران، ئەرەپ، يۇنان، ھىندى مەنبەلىرىدىن ئىشلىتىپ، شەرقىي تۈركىستاندا ھوكۇم سۈرگەن ھۇن، ئۇشخان، سىيانپى، يەپتال، تۈرك، تۈركەش دولەتلىرىنى يات ئىستىلاچىلار ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمىي ئىگىلىرى دەپ، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئوزىمىزنىڭ مىللىي ھەم ۋەتەن تارىخىمىز دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن تۈركىي ئىمپېرىيەنىڭ ھوكۇم سۈرگەنلىكىنى بايانلايدۇ. خىتاي، موڭغۇل، قالماق، مانجۇ- خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پەيدا بولۇشىنى «ئىستىلا» دەپ توغرا باھا بېرىدۇ، ئەمما باسقۇنچىلارغا قارشى ئىنقىلاپ كوتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرىشىنى «مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاۋى» دەپ تەكىتلەيدۇ.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» كىتاۋىنىڭ دەۋرلىرى خەن شوۋىنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك چەكلىمىسىگە باغلىق ئىدى. «تارىخچىلىرى» ياساپ چىققان دەۋرلەشتۈرۈشتىن ئانچە ئىراق كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈرك دۇنياسى بىلەن باغلانغان موڭغۇل، ئوز نۇقتىسىدا خەلقىنى كوزلەپ كىن پرىنسىپ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ: 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئېغىر ئەسىردىن 3000 ژىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا شەكىللەنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ تۈركىي قوۋۇملىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ ھەم بۇ زىمىننىڭ قېدىمىي ئىگىسى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. 2. ھۇنلار بىلەن سىيانپىلارنىڭ، ئاۋارلار بىلەن كوكتۈركلەرنىڭ قان- قېرىنداشلىرى ھەم ئۇلار قۇرغان دولەتلەرنىڭ تەركىۋىدە ياشاپ ۋەتەنداش، تەغدىرداش، تىلداش خەلىق بولغانلىغىنى چۈشەندۈرىدۇ. 3. ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن، ئىدىقۇت، كەڭسۇ دولەتلىرىنى بىر ۋاقىتتا موجۇت بولۇپ تۇرغان شەرىق ھەم غەرىپ ئۇيغۇرلىرى دەپ ھېساپلايدۇ. «ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستانغا 8- ئەسىردە كوچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ مىنتەقەدە ئۇيغۇرلار يوق، خىتايلار ھوكۇم سۈرگەن» دېگەن خىتايچە غەرەزلىك ئەپسانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. 4. خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پەيدا بولۇشىنى «تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئات ھەم ئىپەك سودىسىغا»، «خىتاي مەلىكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئەسلى تارىخنى تىكلەپ، خىتايلارنىڭ «تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا قۇرۇقچى بەگ قۇرغان» دېگەن موتىھەملىكىگە ئوز تارىخىنى قارشى قويىدۇ. 5. ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ شەخسىي نەسەپ تەرتىۋى بىلەن دولەت باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى دەلىل قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ دولەتچىلىك تارىخى ئەنئەنىسىنى جەۋلان قىلدۇرىدۇ. 6. قىتان بىلەن موڭغۇللارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پەيدا بولۇشىنى «ئىشغالىيەتچى»، «يات ئىخلىم» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ۋەتەن تارىخى دەپ ھېساپلىمايدۇ. بەلكى، «ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە ئوينىغان رولى ۋە موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىشى» كەبى باپ ئېچىپ، ئۇيغۇرلار پائالىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ھەم ئۇنى ياراتقۇچى خەلق- ئۇيغۇرلار دېگەن ئىلمىي تارىخنى سىدقىي دىل بىلەن ئىشلەپ چىققۇچى تارىخچى تۇرغۇن ئالماس دېگەن خۇلاسىغا كېلىمىز.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى، ھەممە دولىتى بار خەلقلەرگە ئوخشاش، تارىخنىڭ جەريانىنى ئوز ۋەتىنىنىڭ تارىخى بىلەن زىچ باغلىنىشىنى، ئوز تارىخىنىڭ ۋەتەن تارىخى بولۇشىنى ھەم ۋەتەن نامى بىلەن ئاتىلىشىنى ئىستەيدۇ. ئوز تارىخىنىڭ دەۋرلىرىنى ئوز خەلقىنىڭ بېسىپ ئوتكەن تارىخىي دەۋر ھەم باسقۇچلىرى بىلەن تارىخىي ۋاقىئەلىرىدىن كېلىپ چىقىشىنى خالايدۇ. ئوتمۇشتە مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى، ھازىرمۇ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشى شەرت. ئەكسىچە، ھەر قانداق ساختا نامدىكى ۋە ھەر قانداق خىتايلاشتۇرۇلغان دەۋرلەشتۈرۈشتىكى «ئۇيغۇر تارىخلىرىنى» خەلقىمىز ھېچ قاچان ئىناۋەتكە ئالمايدۇ ۋە قەتئىي ئېتىراز بىلدۈرىدۇ.

قالايمىقانچىلىق ۋە خورلۇقتا ئوتكەن ھايات

بىر ئائىلىنىڭ قىسمىتى

كەچ كىرگەن ۋاقىت ئىدى. ئوغلىنىڭ كېچىكىپ كەلمەيۋاتقانلىغى ئانىنى ئەنسىرىتىپ قويدى. چۈنكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» داۋام قىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە تەرتىپ، ئىنتىزامنىڭ يوقلىغى، «كىچىك قوغدىغۇچىلار» دەپ ئاتالغان خۇڭۋېيبىڭ تەلۋىلەرنىڭ خالىغىنىچە باشباشتاقلىق قىلىشى كىشىلەرنى بارام قىلماي قويماتتى. بۇ كۈنلەردە جان بېقىش قىيىن ئىدى. خۇشنەم موماينىڭ ئوغلى سادىقجان قول هارۋىسىنى سورەپ ئۈستىخان ۋىغىپ، ئۇنى زاۋۇتقا ئوتكۈزۈپ تاپقان 5- 10 يۈەن پۇلىغا نان، چاي ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر كېچىكىپ قالدى.

ئۈستىخانلىرىنى ئوتكۈزۈپ ئويىگە قايتىپ كېلىۋاتقان سادىقجان ئاغىنىسى ئەخمەتكە يولۇقۇپ قالدى. ئەخمەت مەرت ژىگىت ئىدى.

- سادىقجان جورە ئەۋۇ ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ بىر ئاز پاراڭلىشايلى، - دېدى ئەخمەت ئاغىنىسىنى تەكلىپ قىلىپ.

ئىككى دوست ئاز- تولا ئېچىۋېلىشتى. شېرىن سوھبەت قۇرۇشتى. دوستى بىلەن خوشلىشىپ قايتقان سادىقجان هارۋىنى سورەپ ئويىگە يېقىن كەلگەندە، پۇتلىرى ھەرەڭ- سەرەڭ بولۇپ ئېمىگىدۇر پۇتلىشىپ، ئېرىققا ۋىقىلىپ چۈشتى. جەبرى زۇلۇمدىن جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن سادىقجانغا ئېچىملىك ئېغىر كەلگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل قوغدىغۇچىلار كېلىپ قېلىپ: «مونۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان قوش ۋۇرەك ئونسۇرنىڭ مەس بولۇۋالغىنىنى قاراڭلار، بۇنى شتابقا ئېلىپ بېرىپ، بۇرنىنىڭ پېزىنى ئېلىپ قويايلى» دېيىشتى. بۇ ۋاڭ- چۇڭنى ئاڭلىغان خۇشنەم موماي دەرھال تالاغا چىقىپ ئەھۋالنى كورۇپ چۈشەندى.

- ھوي شۇمتەكلەر، سەنلەر مېنىڭ بالامنى نەگە ئېلىپ بېرىشماقچى بولۇۋاتىسلەر. ئوغلۇمغا تېگىشمەي كوزۇمدىن يوقۇلۇڭلار، - دېدى موماي، - مېنىڭ بالام سەنلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خار بولمايدۇ.

موماي ئوغلىنى ئويىگە ئەكىرىپ كەتتى.

- ئاھ، نېمە دېگەن زامان بۇ، پۈتۈن دۇنيا ئوڭتەي- توڭتەي بولۇپ كېتەرمۇ. بىز كىم ئىدۇق، كىم بولۇپ قالدۇق- دەتتى سادىقجان قايىنغان ھالدا، - بۇ خورلۇقلارغا ئادەم قانداق چىدايدۇ...

موماي ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ خىيالغا چوكۇپ كەتتى...

* * *

زاماندىن ئوغۇل پەرزەنت كورگەنلىككە ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى. بالىغا «سادىقجان» دەپ ئات قويۇپ، ئەل- ئاغىنىلىرى بىلەن بىر نەچچە كۈن تويىنى ئوينىدى.

سادىقجان مەكتەپ يېشىغا توشقاندا ئۇنى ئوقۇتۇپ، چوڭ قىلدى. ئۇ شىنجاڭ داشۇسىغا ئىمتىھان تاپشۇرۇپ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇدى. بۇ چاغلاردا زاماندىن ئاكا، خۇشنەم ھەدىلەرنىڭ خوشاللىغىنىڭ چېكى يوق ئىدى. چۈنكى، ئوغلىنىڭ ياخشى ئوقۇۋاتقانلىغى توغرىلىق ئىنستىتۇت مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن ئىللىق سوزلەر يېزىلغان خەت، مۇكاپاتلارنى ئېلىپ تۇراتتى.

شىنجاڭدا داغدۇغىلىق باشلانغان «پارچە گۇللەر ئېچىلسۇن، ھەممە بەس- بەستە سايرىسۇن» دېگەن سىياسىي ھەرىكەت شىنجاڭ ئالىي مەكتىۋىگىمۇ يېتىپ كەلدى. ئاق كوڭۇل ستۇدېنتلار قاتارىدا سادىقجانمۇ ئوزىنى قىيناپ ژۈرگەن سوئاللار بىلەن دازىباۋ (چوڭ خەتلىك گېزىت) يېزىپ چاپلىدى. ئۇنىڭ چوڭ ژۈرەكلىك بىلەن پىكىر قىلغانلىغى دوستلىرى تەرىپىدىن ئالقىشلاندى. بىراق ئۇنىڭ ھەققانىي مەسىلىلەر ئۈستىدە قىلغان گەپ- سوزلىرى، يازغانلىرى ماۋچىلارغا ياقمىدى. بىر كۈنى «ستىل تۈزۈتۈش ئىشخانىسى» سادىقجاننى چاقىرىپ يازما ئارقىلىق مەسىلە تاپشۇرۇشنى تاپشۇردى. ئالدى بىلەن گۇرۇپپىلاردا كېيىن ئالىي مەكتەپ بويىچە سادىقجاننى كۈرەش يىغىنلىرىغا سىلىپ قىينىدى. ئوقۇشنى توختىتىپ كومۇر خاگلىرى، تومۇر كانلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئىشلەتتى. «ئوڭچى - يەرلىك مىللەتچى» دەپ ئاتالغان سادىقجان ئائىلىسى بىلەن خەت- ئالاقە قىلىشتىنمۇ چەكلەندى. ھەتتا ئۇلمەك ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئاخىرىدا ئۇنى تەكلىماكانغا سۈرگۈن قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» باشلانغان چاغدا سادىقجاننىڭ دادىسى زاماندىن ماۋچىلار تەرىپىدىن «ئەشەددىي ئوڭچى، يوشۇرۇن پارتىيەنىڭ ئەزاسى» دېگەن بوھتان بىلەن ئېتىپ تاشلاندى.

جازا لاگېرىدىن بوشاپ كەلگەن سادىقجانغا دادىسىنىڭ ئولۇمى بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئانىسى خۇشنەم بولسا مۇكچىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئانىسىنى كۇتۇپ، ئائىلە غېمى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ژۈرگەنلەرنىڭ بىرىدە خۇڭۋېيبىڭلار ئۇنى تۇتۇپ كەتتى. يالغان توھمەت، پالىلار بىلەن «يوشۇرۇن تەشكىلات ئەزاسى ئىكەنلىكىڭنى ئىخرار قىل» دەپ قىينايتتى. خۇڭۋېيبىڭلار شتابىنىڭ سىلىكى ئابدۇكېرىم قولىدا قامچا تۇتقان ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سادىقجانغا دەۋەيلەپ كەلدى ۋە «يوشۇرۇن پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىڭنى قاچانغىچە يوشۇرىسەن» دەپ ئۇنى ئۇرۇپ باشلىرىنى يېرىۋەتتى، ھوشسىز قىلىپ تاشلىدى. سادىقجاننىڭ ئىخرار نامىسىنى ئالالمىغان خۇڭۋېيبىڭلار ئۇنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

سادىقجاننى تۈرمىگە قاماتقان ئابدۇكېرىم سېلىڭنىڭ كوڭلى ئارام تاپقاندەك بولدى. ئۇ تاماكا يوگەپ ئۇنى قاتتىق شوراتتى ۋە خىياللارغا پاتاتتى.

ئابدۇكېرىم زاماندىن بىلەن بىللە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتەرگەندىن كېيىن بىر مەكتەپتە بىللە ئوقۇتقۇچىلىقمۇ قىلغان. ئابدۇكېرىم بالىلىق دەۋرىدىنلا زاماندىننى كورەلمەتتى. مەكتەپتىكى ئەڭ گوزەل، ئىپپەت نومۇسلۇق قىزلارنىڭ بىرى خۇشنەمنىڭ ئابدۇكېرىمنىڭ سويگۇ ئىزھار قىلىشلىرىنى رەت قىلىپ، زاماندىننى ياخشى كورۇپ قېلىشى، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇكېرىم زاماندىندىن ئوچ ئېلىش قارا نىيىتىنى كوڭلىدىن چىقارمىغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا پۇرسەت پەيدا قىلىپ، يالا- توھمەت خاراكتېرلىق ماتېرىياللارنى توپلاپ، زاماندىننى يوقىتىشتا ئابدۇكېرىم «چاپارمەنلىك» رول ئوينىغان ئىدى. ئەندى ئابدۇكېرىمنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر توسالغۇ «زاماندىننىڭ بالىسى سادىقجان بولۇپ، ئۇنى ھەم يوقىتىشنى قارار قىلغان ئىدى.

* * *

سادىقجان تۈرمىدىن بوشۇنۇپ كەلگەندە ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ دەرت- ھەسرەتلەردىن بېشى كاڭگىراپ قالغان سادىقجان:

- ھەي، كاۋ پەلەك، نېمە دېگەن رەھىمسىز سەن؟ گۇناھلىرىم نېمىدى؟ - دەپ نالە قىلاتتى.

زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن كوپ ئېزىلىپ، ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان سادىقجانمۇ ئۇزاققا بارماي پانى بىلەن خوشلاشتى. يۇرت ئۇنىڭغا نەزىر- چىراق ئوتكۈزۈپ بەردى. ئەشۇ ھاڭغىرقاي قورادىن باشقا ئۇلاردىن بۇ ئويدە ھېچ بىر ئىزنا قالمىغان ئىدى.

ئوسمان تۇردى.
بىشكېك شەھىرى.

تاماشىبىنلار خېلە ۋاقىتلاردىن بېرى تېلېۋىزور ئېكرانىدىن «قىيىلىشتا» («پېرېكرېستوك») ناملىق كوپ سېرىيەلىك تېلېفىلىمنى چوڭ قىزىقىش بىلەن كورمەكتە. ئەينە شۇ كوپ سېرىيەلىك بەدىئىي فىلىمنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى، ئۇيغۇر قىزى چولپان (ۋېنېرا) ماخمۇت قىزى نەغمەتۇللىنا بىلەن مۇخبىرىمىز ئۇچرىشىپ، سوھبەتلەشكەن ئىدى. شۇ سوھبەتنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلىمىز.

چولپان ماخمۇت قىزى:

«ئۆز ھاياتىمنى كىنو سەنئىتىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن»

— چولپان ماخمۇت قىزى، بىز سىزنىڭ بېۋاستە قاتنىشىشىڭىز بىلەن چۈشىرىلگەن بەدىئىي فىلىمنى ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە چوڭ قىزىقىش بىلەن كورۈپ، سىزنىڭ ئاكتيورلۇق ماھارىتىڭىزگە قايىل بولۇۋاتىمىز. ھەر قانداق ياخشى ئىشنىڭ ھۇلى ئائىلە تەربىيەسىدىن باشلىنىدىغانلىقى سىرسىز. شۇڭلاشقا كەپنى تۇغۇلغان يۇرت، تەربىيەلىگەن ئائىلىدىن باشلىساق؟

— تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتۇم «قىزىل غەيرەت». ئۇمېنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ قەدىرلىك. ئائىلەم بولسا تاغدەك تايانچىملا ئەمەس، شۇنداقلا ئاساسىي تەربىيە مەكتۇپىمدۇر. ئادەتتىكى ئادەتتىكى ئۇيغۇر ئائىلىسىدە ئوسۇپ، چوڭ بولدۇم. ئاتام ماخمۇت، ئانام جەننەتبۇۋى، سىڭلىم ئېلۇىرا، ئىنىم مالىك ـ ھەممىمىز ئىبراگىموۋلار ئائىلىسىنى تەشكىل قىلىمىز. لىندا ئىسىملىك ئون تورت ياشلىق قىزىم بار. بىر سوز بىلەن ئېيتقاندا قايماق سېلىپ ئەتكەن چاي ئىچىدىغان، تونۇر نېنى يەيدىغان، كۈللەۋلىگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ پەرزەندىمەن. شۇڭلاشقىمۇ قەيەردە، كىم بىلەن بولماي، ئوز مىللىتىمنىڭ ئۆرپى ـ ئادەتلىرىنى قەدىرلەپ، قايغۇ ـ شاتلىقىغا ئورتاق بولۇشنى خالايمەن.

— ئادەم ياشلىق ۋاقتىدا ھەر خىل ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ، ئارزۇ قاناتلىرىدا پەرۋاز قىلىدۇ. سىزمۇ، بەلكىم، ياش ۋاقتىڭىزدا ئارزۇ ـ ئارمانسىز بولمىغانسىز؟

— ياشلىقىمدا كىنو ئاكتيور بولۇشنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدىم. ئەكسىچە خىرۇرگ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئائىلىمىز تۇرمۇش شارائىتىغا باغلىق ئالمۇتىغا كوچۇپ كېلىپ، مەن كوكول ـ مېچنىكوۋا كوچىلىرىنىڭ قىيىلىشىدىكى 16 ـ رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتىم. بىر كۈنى مەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە كىنو خادىملىرى كېلىپ، چۈشىرىلمەكچى بولغان فىلىم پېرسوناژىغا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن نامزات ئىزدەشكە باشلىدى. شۇ قېتىم ئۇلار «قازاقفىلىم» ستۇدىيەسى چۈشىرىۋاتقان تەربىيەلەش تەس «قىيىن باللار» فىلىمىنىڭ باش قەھرىمانى گۇلەنىڭ رولىنى ئىجرا قىلىشقا مېنى تاللاۋېلىشتى. تەخمىن قىلىشىمچە، قىياپىتىم ئەسەر قەھرىمانىنىڭ تاشقى كورۈنۈشىگە ماس كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ 1979 ـ يىلى ئىدى. شۇ ـ شۇ بولدى، مېنىڭ كىنو سەنئىتىدىكى ئەدىمىم ۋۇرۇشۇپ كەتتى. كېيىن مەن «ئاكام ئۈچۈن كېلىن»، «ياش مۇئەللىم»، «ئەزىز دالا»، «خۇش، گۈزەل»، «ئۇرۇق ـ ياش پەرۋازى»، «مويتىكزا» ۋە باشقا قازاقفىلىم، ئوزبەكفىلىم، قىرغىزفىلىم ستۇدىيەلىرى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئوتتۇزدىن ئوشۇق بەدىئىي فىلىملەردە باش قەھرىمان رولىلىرىنى ئىجرا قىلدىم. بەزىدە ئوتتۇزدىن يەردىن باشلانغان ئىشىمىز ئومرىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالىدىكەن. ھازىر مەن ئوز ھاياتىمنى كىنو سەنئىتىسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

— ئىككىنچى قەدىمىڭىز قانداق باشلانغان؟

— ئارىدىن كوپ ئوتمەي قىرغىزفىلىم ستۇدىيەسى مېنى «چەت يۇرتتىكى رومان» فىلىمىدىكى باش قەھرىمانى رولىنى ئىجرا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن بۇ ھاياتى پاجىئەلىك قەھرىمان رولىنى ئويناش جەريانىدا ئاكتيور تالغات بىلەن ئۇچراشتۇم ۋە كېيىن ئۇنىڭغا تۇرمۇشقا چىقتىم. ئۇ يىللاردا ئارزۇلار ئىشىكتە ئومۇر سۈرمەك مېنىڭ ئۈچۈن ھۇ كوڭۈللۈك بولدى. تالغات ئىككىمىز كوپلىگەن فىلىملاردا باش قەھرىمان روللىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئىجادىي ھەمكارلىقتا ئىشلىدۇق. مەن قايسى فىلىمدا قانداق رول ئىجرا قىلماي، دايىم تالغاتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن تەغدىر بۇيرۇغىنى شۇنداقمۇ. تالغاتنىڭ ئومرى قىسقا بولدى. ئوتتۇز يۇز بەرگەن پاجىئەلىك ئولۇم ئىككىمىزنى مەڭگۈگە ئايرىۋەتتى. لېكىن تالغاتتىن يالدامى بولۇپ

سەنئەت ئادەملىرى

قىزىم لىندا قالدى. تالغات پاجىئەلىك ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇ مېنى ھەر قاچان كىنو سەنئىتى چوققىلىرىغا پەرۋاز قىلىشقا چاقىرىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

— سىزنىڭ كىنو ئاكتيور سۈپىتىڭىزدىكى پائالىيىتىڭىزگە ئائىلە ئەزالىرى قانداق قارايدۇ؟

— دادام بىلەن ئاپام ئاڭلىق ئادەملەردىن. ئانام دەسلەپكى كۈنلەردىن باشلاپلا ماڭا رشتىم. 1985 ـ ژىلى تاشكەنت دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىياتر ۋە رېژىسسيورلۇق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملىدىم. ھازىر «قازاقفىلىم» ستۇدىيەسىنىڭ ئاكتيورى سۈپىتىدە ئىشلەۋاتىمەن. مۇرەككەپ ئوبرازلارنى يارىتىش ئۈستىدە ئىجادىي ئىزدىنىۋاتىمەن.

— بۇنىڭدىن بىر نەچچە ژىل ئىلگىرى كىنو ئويدە يېڭى فىلىمنى تونۇشتۇرۇش ۋاقتىدا سىز بىلەن دەسلەپ تونۇشقان ئىدۇق؟

تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ كەلدى. دادام باشتامېنىڭ كىنو ئاكتيور بولۇشۇمغا ئانچىلا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، كېيىن قەلبىمنى چۈشىنىپ، ماڭا ھەر تەرەپلىمە ھىمداشلىق بىلدۈردى. مەن بۇ توغرىلىق ئاتا ـ ئانامدىن ئىنتايىن رازى. پەرزەنت ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ساھاسىدا قانچىلىك ئوسۇپ يېتىلسىمۇ، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن دايىم پەرزەنت بولۇپ قالىۋېرىدۇ. مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن ئەبەتكە سويۇملۇك پەرزەنت بولۇپ قالغۇم كېلىدۇ.

— ھەر قانداق كەسىپنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىگى، سېخىرلىق سىرلىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ كىنو سەنئىتىدە داۋاملىق ئوگىنىش ـ ئىزدىنىشسىز ئىلگىرى باسقىلى بولمىسا كېرەك؟

— توغرا ئېيتىسىز، كوچەتنى پەرۋىش قىلمىسا ئوسمىگىنىدەك، ئادەممۇ كوپ ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا مۇھتاج بولىدۇ. ماڭا بولۇپمۇ قىرغىز فىلىم ستۇدىيەسىنىڭ چوڭ رېژىسسيورى مېلىس ئۇبېكبېيېۋ بېۋاستە غەمخورچى ـ ئۇستاز بولدى. ئۇ ماڭا كىنو سەنئىتىنى سويۇشكە، ئۇنىڭغا چىن دىلدىن ئىشتىياق باغلىشىمغا، كىنو ئاكتيور سۈپىتىدە ئوسۇشىمگە كوپ ياردەم قىلدى. مەنمۇ ئوسۇش يولىدا كوپ تىرىشتىم.

**— سىز دەۋاتقان «ئايال ھاياتى» ناملىق بەدىئىي فىلىم نىنا ئودېمەتوۋا بىلەن ۋانىنا سېرىكبايېۋانىڭ ئىجادىي ھەمكارلىقىدا چۈشىرىلگەن. فىلىمدا تۇرمىگە چۈشۈپ قالغان ئاياللار ھاياتى، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، ئوي ـ پىكىرلىرى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. فىلىمنىڭ باش قەھرىمانى مەدىنەنىڭ ئوبرىزىنى يارىتىش، ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىنى ئىپادىلەش مېنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي سىناق بولدى. ئەسەر مۇئەللىپلىرى فىلىمدا ئىزگۈلۈك، ياخشىلىق ئوتلىرى ھېچ قاچان ئوچمەيدىغانلىقىنى، كەلگۈسىگە نىسبەتەن دايىم ئۈمۈت بىلەن ياشاش كېرەكلىكىنى ئىشارە قىلىدۇ.

— ئۇيغۇر كىنو ئاكتيورلىرىدىن كىملەرنى بىلىسىز؟

— ئەخمەت شەمىيېۋ، مەخسۇت مەنسۇروۋ، ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمانوۋ، ئايتۇرغان تېمىروۋالارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن تونۇشمەن. قازاقستان خەلق ئارتىستى ئەخمەت شەمىيېۋ بىلەن «قىرغىز فىلىم» ستۇدىيەسى چۈشەرگەن «چەت يۇرتتىكى رومان» فىلىمنى ئېكرانلاشتۇرۇشتا تونۇشقان ئىدىم.

— ئادەملەردىكى ئەڭ قىممەت بايلىق نېمە دەپ ئويلايسىز؟

— ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ھاياتى، مۇناسىۋىتىدىكى روھىي پاكلىقنى ئەڭ قىممەت بايلىق دەپ ھېساپلايمەن.

— سپورتنىڭ قايسى تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىسىز؟

— جىسمانىي تەييارلىق ئادەمنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. يولدىشىم تالغات كاراتې بويىچە سپورت ماستېرى ئىدى. مەنمۇ ئازتولا كاراتې بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

— زامانىۋىي ئايالنى قانداق چۈشىنىسىز؟

— زامانىۋىي ئايال ئاڭلىق، ساۋاتلىق، مەدەنىيەتلىك بولۇشى كېرەك. ئايال كىشىنىڭ تاماكا چېكىشى، ھاراق ئىچىشى، يېرىم ـ يالاڭغاچ ژۈرۈشى ئۇنىڭ مەدەنىيەتلىكىدىن ئەمەس، قالاقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەدەنىيەتلىك ئايال ئوز ئائىلىسىگە، بالا تەربىيەسىگە جاۋابكەرلىك بىلەن قارىشى كېرەك.

— ئەندى تېلېۋىزور ئېكرانىدا كوپتىن بېرى كورسىتىلىپ كېلىۋاتقان «قىيىلىشتا» («پېرېكرېستوك») كوپ سېرىيەلىك فىلىمى ھەققىدە ئېيتىپ بەرسىڭىز؟

— بۇ تېلېفىلىم توغرىلىق سىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىسام ياخشى بولاتتى. سەۋەۋى ھازىرغىچە مەزكۇر فىلىمنىڭ يەتمىشتىن كوپرەك سېرىيەسى تاماشىبىنلار بىلەن ئوز كورۈشتى. فىلىمدا مەن مەدىنە ئوبرىزى ئارقىلىق باش قەھرىمانلارنىڭ بىرىنىڭ رولىنى ئىجرا قىلىمەن. بىكېن رىموۋا، رايخان بايغوزىنا، يېۋگېنىي پېيومانوۋ، ساغى ئاشىموۋ، نۇرخاش تالانتلىق ئاكتيورلار ۋە باشقا كەسىپداشلار بىلەن ئىشلەش مەن ئۈچۈن بەكمۇ كوڭۈللۈك. فىلىمدا ھايات سوقماقلىرىدىكى ھەر خىل ۋاقەلەر، ئادەملەر تەغدىرى، ياخشىلىققا ئىنتىلىش، يامانلىققا قارشى كۈرەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى ۋاقەلەر بۈگۈنكى كۈن تەلىۋىگە ئۇيغۇن ھالدا رىۋاجلىنىدۇ.

— سىز سەنئەت خادىمى. سەنئەتكار سۈپىتىدە كىمگە ئوخشىغىڭىز كېلىدۇ؟

— مەن دۇنيا سەنئىتىدە تونۇلغان كىنو ئاكتيورلارنى، ئۇلارنىڭ ئوينىغان روللىرىنى ياخشى كورسەممۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىغا ئوخشىغىم كەلمەيدۇ. ئوزەمنىڭ ئاكتيورلۇق مەكتۇۋىنى يارىتىشنى ياخشى كورىمەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

— گېزىتخانلارغا ئېيتار تىلىكىڭىز؟

— ئۇيغۇر گېزىتلىرى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىلا ئەمەس، خەلقىمىز ھاياتى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئەينىكىدۇر. ھازىرقى قىيىنچىلىق زاماندا گېزىتلىرىمىز كىچىكلىمەي كەڭەيسە، مەزمۇنى بېيىسا، مۇشتىرىلارسانى تېخىمۇ كوپەيسە ياخشى بولاتتى.

سوھبەتنى ژۈرگۈزگەن ئىلاخۇن ھوشۇر.

فوتو ئېتيۇد: مەن بوۋامنى ياخشى كورىمەن...

ئىنكاس

كۆڭۈلنى بايرام قىلىپ ژۈرگەن ئويلار

«ئالتاغ» پروگراممىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدا تېلېۋىدېنىيې كورسىتىشلىرىنىڭ بېرىلىپ كېلىۋاتقانلىقى قازاقستان ھوكۇمىتىنىڭ بىزنىڭ مىللىتىمىزگە قىلىۋاتقان غەمخورلۇغى دەپ رازىمەنلىك بىلەن تىلغا ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىز بۇ پروگرامما ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، ئەدەبىياتى، تارىخى ۋە بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن ئۇنىڭ بەزىدە بىزلەرنى خەپ دېگۈزۈپ ژۈرگەن قىسمەن كەمچىلىكلىرىنى كەلگۈسىدە تۈزۈتۈش مەخسىتىدە سويۈملۈك گېزىتىمىز ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشنى مۇۋاپىق كوردۇق.

راست، ھازىرقى ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلار دەۋرىدە ئۇ يەردىكى ئىشلەۋاتقان ژىگىت ـ قىزلىرىمىزغا ئورۇنلاشقا مۇمكىن بولمايدىغان تەلەپلەرنى قويۇشتىن ژىراقمىز. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمۇ بىزگە ئايان. شۇندىمۇ بولغىنىچە بولالايدىكەندەك سىز مۇناسىۋەتتە بولماي، خەلقىمىز مەنپىيتىنى كوزدە تۇتقان ھالدا مۇمكىنچىلىكنىڭ بارىچە كورسىتىشلەرنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىسا بولاتتى.

بىزنى خەپ دېگۈزۈپ ژۈرگەن ئەھۋاللارنىڭ پەقەت بىرىنىلا ئېيتساق، بىزگە بېرىلىۋاتقان ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئوزىمىزنىڭكىدىن كورە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھاياتى، ئۇلارنىڭ ناخشا ـ سازلىرىنى كوپرەك بېرىدىغانلىقىمىزدۇر. بۇ ژۇقۇرىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكمۇ، ياكى خوشامەتلىك، كوڭۈلچەكلىك، دورامچىلىقىمىز تۈپەيلى بولۇۋاتامدۇ، ئۇ تەرىپى بىزگە نامەلۇم. باشقا مىللەتلەرنىڭ بىر نەچچە سائەتلەپ كورسىتىدىغان كورسىتىش پروگراممىلىرىدا ئۇيغۇرلار ھاياتى بار ـ يوقىنىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇ بىز قولىمىزدىكى پۇرسىتىمىزنى ئوزىمىز ئۈچۈن پايدىلانمايمىز.

بىز ئوزىمىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز قالدۇرغان باي سەنئەت مىراسىغا ئىگە خەلق ئىكەنلىكىمىزنى بىلىمىز. شۇنداقلا ھازىرقى دەۋرىمىزمۇ ھېچ كىمنىڭ ئالدىدا يەر كەقارىغىدەك ئەمەس. خەلقىمىز كوڭلىدىن ئورۇن ئالغان سەنئەتكارلىرىمىزمۇ يېتەرلىك. شۇلار ئارقىلىق ئوز ناخشا ـ سازلىرىمىزنى كوپرەك ئاڭلاشنىڭ ئورنىغا باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئېسىلىۋېلىشقا خۇمارلىغىمىز كوڭلىمىزنى غەش قىلىدۇ. بەزى سەنئەتكارلىرىمىز مىللىي ناخشىلارنى ئورۇنلاشنىڭ ئورنىغا ئوز ماھارىتىنى باشقىلارنىڭ ناخشىلىرىنىمۇ ئېيتىپ كورسەتكۈسى كېلەمدۇ، ئەيتەۋىر، ئوخشىسىمۇ، ئوخشىمىسىمۇ ئوزىنى زورلاشقا ئوتىمىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئوز خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەي تۇرۇپ ھېچ كىم باشقىلارنىڭ ئالقىنىدا ئالما بولالمايدۇ. غەيرى مىللەت ناخشىلىرىنى ئارتىستلىرىمىز قانچە تىرىشىپ ئېيتىپ باققىنى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئوزلىرىنىڭ سەنئەتكارلىرىدەك بابىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ بېرەلىشى ناتايىن. شۇنداق ئىكەن، ئارتىستلىرىمىزمۇ بۇ توغرىلىق ئويلىنىپ كورسە بولاتتى. شۇنداقلا ئۇلارنى كورسىتىشلەرگە قاتناشتۇرۇۋاتقان تېلېۋىدېنىيې خادىملىرىمىزمۇ شۇ نۇقتىدىن تەلەپ قويۇشنى ئەستە تۇتۇشى كېرەك دەپ ئويلايمىز.

بۇ پىكىر ـ تەلىۋىمىزنى ئىناۋەتكە ئېلىپ، «ئالتاغ» كورسىتىشلەر پروگراممىسىدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىمىز مۇمكىنچىلىكنىڭ بارىچە ئىش ئېلىپ بارسا، تاماشىبىنلارنىڭ كوڭلىدىن چىققان بولار ئىدى.

ئابابەكرى داۋۇت.
ئالمۇتا شەھىرى.

جامالىدىن قاسىم

شېئىرىيەت سەھىپىسى

خوتەن كوچىسى
شۇ نامىلىق سۈرەتنى كۆرۈپ

جان كىرىپتۇ ماھارەتنىڭ كۈچىدىن،
ھەيران بولدۇم بۇ ھەقىقىي تالانتقا.
تېپىلمەن، تېنىسەم شۇ كوچىدىن،
ئۆزەمنىڭكى دەيمەن بىرلا قاراشتا.

خوتەن كوچىلىرىغا زەپ قارايمەن،
مەن قەشقەرنىڭ،
مەن تۇرپاننىڭ، ئىلىنىڭ.
خىيالىمدا كوچا ئارا پارلايمەن،
تۇرلىرى بار ئەۋلادىمنىڭ دىلىنىڭ.

زېمىن كەڭرى، ئۆيلەر شۇنچە زىغىنچاق،
ئىككى قەۋەت كوملاش تامىلىق تار كوچا.
مەن قارايمەن تاقىتىم بوپ يەنە تاق،
خوتەنلىكنىڭ مىڭ – زارىغا يار كوچا.

تارىخىنى ئاختۇرۇمەن قويۇپ زەڭ،
بۇ قېدىمىي سۇكالمىغان ئۆيلەردىن.
قارىغانچە پىكرىم بولۇپ ئۇچۇق، كەڭ،
مەن ئاڭلايمەن قىدىرخاندىن كۈيلەرنى.

تۈن يېپىنىپ تۇرغان قېدىم كوچىلار،
غەمدە قالغان بوۋايلارنى ئەسلىتەر.
ئەينە غۇۋا ئېتىۋاتقان يورۇق تاڭ،
دىلىمدىكى ئەندىشىنى پەسلىتەر.

تاڭ قالدىمەن قۇدرىتىگە تالانتنىڭ،
كورگەن چاغدا قېدىم خوتەن كوچىسىن...



ئەنجۈر

خۇددى ئايىنى ئالقىنىدا تۇتقاندەك،
بىر بوۋاي ياپراقتا ئۇزاتتى ئەنجۈر.
بولدۇم ئالەم شاتلىقىنى ژۇتقاندەك،
ئۈزۈلدى قەلبىمدىن ئەندىشىلىك زەنجىر.

ئاغزىمغا سالدىمدە، ئېرىدى ئەنجۈر،
شەرۋەتى كەتتى تېنىمغا تاراپ.
ئانا زېمىن بۇنچىلىك بېرىپتۇ تەم،
ئەل مېھرىدىن قەلبىم قالدى بىر يايراپ.

ئەنجۈر تەمى – خەلقىم مېھرى تۆيۈلدى،
سۈمەركەندەك بولدى بۇ تەشنا نەپسىم.
ئىككى قوللاپ ئۇزاتقاندەك بوۋاي قەلبىنى،
ئاھ، موشۇ دەقىقە مەن ئايغىلا يەتتىم.

ھەيكەل

بىر دېخان ھەيكىلى خوتەن كوچىسىدا،
تۇرار بىر قولىدا ئېغىر كەتمىنى.
قۇم تاغلىرىنى تۇزلەپ قايتقاندەك گويا،
يەنە بىر قولىدا تۇرار چەكمىنى.

يوغان قەدىمى ئالغا تاشلانغان،
چاقىرىپ تۇرغاندەك ئۇ يېشىل قىرغاق.
تۆيۈلدى دېخىنىم ماڭا شۇ تاپتا
بۇ ئانا زېمىندا يانغان نۇر چىراق.

ھېچ تىنچار ئەمەس، غەزەپلىك بوران،
كۈكرەپ تۇرۇپتۇ شۇمنى قىسپ ۋەيران.
يۇرت ھەقىقەت چىنارىغا قونغان،
بۇ ھالدىن زامان بەگلىرى ھەيران!

تەلەيسىز خەلقىنىڭ غېمىنى كوپ يەپ،
دېخان كەتمىنى چىڭ تۇتقان ھەجەپ.
بورانلار دېخاننى كومەلمىدى بەس،
زېمىننى كوتىرىپ دېخان تۇرار دەس!

ئايال

ژىتىق بادام دوپپا ئوكۈپ كېتىپتۇ،
ئايال ياپراقتەك پىلدىرلار تىترەپ.
مەسۇم كوڭلى ئۇنىڭ غەمكە پېتىپتۇ،
بىر پارچە نان ئۈچۈن سارغايغان تىلەپ.

ئوز يېرىدە ئانا بىھوش، ئەي ھايات،
شۇمىدى سەندىن كەلگەن راپاۋەت.
ئايال مۇڭلۇق، دەرتلىرى قاتمۇ – قات،
تىلەمچىلىك بىلەن بولار تاپاۋەت.

ژىتىق بادام دوپپا ئوكۈپ كېتىپتۇ،
رەزكى قورايدەك تەن تۇرار تىترەپ.
يېنىغا مەن بارسام ئانام تونۇماس،
باسالمىدىم تولا ژىغلاپ ئويكىدەپ...

قۇم ئۈستىدىكى شەھەر

كونا قولۋاق كەبى ئېغىر تەۋرىنىپ،
ئۆلۈق دېگىز ئوزرە يالغۇز بۇركۈتتەك
مەن كېلىمەن ئۇنۇم يەتمەي زارلىنىپ،
بورانلاردا ماڭا پانا جاي يوقتەك.

قۇم نوركىشى داۋالغۇيدۇ بىر دەمدە،
دوكلىرىنى، تاغلىرىنى ھەم تۇزەپ.
بوران تەلىنىڭ غەزەپ – نەپرەتلىرى بۇ،
ئوتىدۇ يۇرت ژۇرىكىدىن سوز سوزلەپ.

قۇم چايقالسا، چايقىلىدۇ شەھەرمۇ،
چايقىلىدۇ زۇلۇملارنىڭ يىلتىزى.
كېلەر بىر كۈن بۇ يىلتىزنى ژۇلار چاغ،
ئۇ يېقىندۇر كېچىسىمۇ – كۈندۈزى...

ئەخمەتجان روزى

يېڭى شېئىرلار

ئۇيغۇر قىزى سەھنىدە

ئۇيغۇر قىزى پەيدا بولدى سەھنىدە،
بوغدا كولدە ئۈزۈپ ژۈرگەن يەلكەندەك.
ئەلگە قاراپ خۇش تەبەسسۇم قىلغاندا،
زوقۇم كەلدى پېشىم كوككە يەتكەندەك.

ئۇسسۇلىنى تەڭكەش قىلدى سازىغا،
تەشنا باقتۇق خۇلقى بىلەن نازىغا.
گۈل چېكىلگەن ئېتەكلىرى يېيىلىپ،
ئوخشاپ كەتتى ژىلىنىڭ باھار – يازىغا.

يەر باغىرلاپ ئوينىتىدۇ قولىنى،
قۇشلار قايتىپ كولگە ئۇچۇپ چۈشكەندەك.
داپ ئاۋازى دولقۇنىدا جىلۋە قىلىپ،
ئەشۇ كۈلكە قىز ئايلىنىپ كەتكەندەك.

ئۇيغۇر قىزى ئۇسسۇل ئويناپ سەھنىدە،
ئەسلىتىدۇ ماڭا باھار پەسلىنى.
ھاياتنى گۈل سەنئەتكە بېغىشلاپ،
تونۇتىدۇ يەر يۈزىگە نەسلىنى.

ئاچ

توخۇلار چىللاپ تاڭمۇ ئاتماقتا،
ئاچقىن نىگارىم كوزلىرىڭنى ئاچ.
تۈننىڭ پەردىسى كويۇپ بارماقتا،
ئايدىڭمۇ نۇرلۇق ئۈزلىرىڭنى ئاچ.

دۈشمەن يولىغا قىلتاق بوپ تۇرسۇن،
تېقىمغا چۈشكەن ئىككى ئورۇم چاچ.
كىرپىكلىرىڭ بوپ ئوتكۇر خەنجەردەك،
رەقىپ كوكسىگە قادالسۇندە غاچ...

ساپ ھاۋا تەنگە ئارام ۋە داۋا،
پاك ھاۋا كىرسۇن دېرىزەڭنى ئاچ.
باغلىرىڭ ئەندى گۈلىستان بولسۇن،
سۇ باشلاپ كەلدىم، سۈكگۈچىڭنى ئاچ.

مەرىپەت ئىزدەپ بىلىم كانىدىن،
نادانلىق بىلەن خۇراپاتتىن قاچ.
ئىلىم كەمەردە بېلىڭنى باغلاپ،
ۋەتىنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىقلار ئاچ.

چەكلىك

ھەرىكەت چەكسىز بولمايدۇ ھەرگىز،
ھەتتا ئومۇرنىڭ ئوزىمۇ چەكلىك.
بەش كۈنلۈك ئالەم، ئىناق ئوتەيلى،
كېمىسپ كەتمىسۇن ئادەمگەرچىلىك.

قولدىن كەتمىسۇن ياخشى پۇرسەتلەر،
سەۋر – تاقەتمۇ بولىدۇ چەكلىك.
كۈنۈپكا بېسىش بىر سىكۇندلىق ئىش،
پايدا – زىيىنى بولۇر ئەبەتلىك.

ئىنسان ھوقۇقى بولمىغان يەردە،
خەلقچىلىقنىڭ رولىمۇ چەكلىك.
دەۋرىدە يوقتۇر ئەسلى ئىناۋەت،
شۇكلاشقا بىزگە قىلدى نامەرتلىك.

مىدىرغان جانغا ئەركىنلىك كېرەك،
شۇڭا قەپەزدە تېپىرلار كەكلىك.
باتۇر خەلقىمنىڭ كەلگۈسى پارلاق،
زۇلۇم، ئازاپنىڭ ھەممىسى چەكلىك.

سەپتىمەن

ئادەملەرنىڭ ئەسلى – ۋەسلىنى بايقىماي،
كورۈنگەننى ياخشى ئادەم دەپتىمەن.
بىر چاغلاردا كوزلىرىمگە ماي تولۇپ،
ياخشىلارنى كوزگە ئىلماي كەپتىمەن.

كورگىنىمدىن كورمىگىنىم كوپ ئېكەن،
سۈنى كورمەي ئوتۇكىمنى ساپتىمەن.
ئانا يۇرتقا ئاتلانماق بوپ بازاردىن،
يورغا دېسە، قوتۇر ئاتنى ئاپتىمەن.

ھېلىگەرنىڭ ۋەدىسىگە ئالدىنىپ،
يوق پۇلۇنى خىيالىمدا يەپتىمەن.
يەجۇز – مەجۇز كەلگىندىلەر دەستىدىن،
بۇكۈنگىچە جۇدالىقتا، دەرتتىمەن.

ئىلھام قوزغاپ ئارزۇ – ئارمان، دەرتلىرىم،
قېرىغاندا قولغا قەلەم ئاپتىمەن.
قۇرال قىلىپ ھاسام بىلەن قەلەمنى،
ۋەتەن ئۈچۈن مەن جەڭگىۋار سەپتىمەن.

سۇلتان مۇھەممەت يۇسۇپى

غەزەللەر

كوڭۇل تامچىلىرى
پۇشايمان

ئۆيقۇدىن بەك كەچ ئوخاندىم ھېرىپ ھەم تالغاندىمەن،
شېھىر بوستانىغا كىردىم گۈللىرىم سولغاندىمەن.

شېئىرىيەت لەيلى گويا، مەن ئاڭا مەجنۇندەك ئاشىق،
كوڭۇل ئىلھامغا يار بولغاننى ئەندى تۇيغاندىمەن.

قارغىدىن بولدۇم ژىراق شوق ناۋا قىلدى بۇلبۇلۇم،
قانچە خۇش بولدۇم بۇ بەخىت بېشىمغا قونغاندىمەن.

نىچۈك ياشلىغىمدا بۇ ھال يار بولمىدى دەپ سورىسام،
تاپالماي جاۋاپ ئاڭا ھەيران ھاسام سۇنغاندىمەن.

ئارزۇ

ھەر كىمدە بولار ئارزۇ – ئارمان، تىلەك،
لېكىن ئۇلار بىر – بىرىدىن بولەك – بولەك.

مەرىپەتكە خۇشتار بىرى، ئىزدىنىشتە،
بىرى دوختۇر، بىرى ئۇستاز بەكمۇ زېرەك.

قويسا ھەۋەس بىرى سەنئەتكارلىققا
بىرى موللاقچى كەپتەرگە ئامراق بەك.

ھەممىدىن ئەۋزەلى ئىلىم – مەرىپەت،
ئۇ بىلەن مۇراتقا يېتىشتە يوق شەك.

ئىلىمسىزلىق – نادان، نادامەت دۇنياسى،
نادانلىق ھەر كىم ئاياغىدا پېتەك.

ئوقى بالام بولاي دېسەڭ ياخشى ئىنسان،
دۇنيا قىلاي بىر ئاللادىن شۇنى تىلەپ...

ھېكايەت

ئوغلۇم ساڭا ئېيتاي ئەجەپ بىر ھېكايەت،
بۇنىڭ بىر يېقى رىۋايەت، بىرى شىكايەت.

ياشاپتۇ ئوتمۇشتە بىر زالىم ھوكۇمدار،
ھوكۇم بىلەن ئەلگە ياساپتۇ زۇلمەتدار.

ئوغرىلىق بانىسىدا زىندانغا تاشلاپتۇ ئۈچ باش،
بىرسى قېرى، ھەم ئورتا ياش، بىرسى بەك ياش.

ئولۇم جازاسى بېرىشكە قىپتۇ جاكا،
قېرىنىڭ قىزى ئاڭلاپ چېكىپتۇ ئاھ.

يېتىپ كەپتۇ ئۇ سارايغا ئەشۇ تاپ،
ھوكۇمدارغا قاراپ ئېيتىپتۇ دات – پەريات.

پادىشاھىم، ساڭا باردۇر مېنىڭ ئەرزىم،
بويىنۇمدا مېنىڭ بار باللىق قەرزىم.

زىنداندا ياتار ئېرىم يەنە بالام،
ئۈچىنچىسى مېنىڭ قېرى ئەزىز ئاتام.

قەست قىلىپسەن ئۇلارنىڭ ئالماقا جېنىنى،
سوراپ كەلدىم دادامنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى.

دەپتۇ ھوكۇمدار: ئەي جۇگان بۇ قانداق پاراڭ،
ئوكمۇ سەن ياكى ئەقلىدىن ئازغان ساراڭ!

ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماپتۇ بالاڭنىڭ،
نېمە كېرىكى بار ئالجىغان ئۇ داداڭنىڭ؟

سورىغىن ئېرىڭ، بالاڭنى، ئۇنتۇپ داداڭنى،
ياق، دەپتۇ جۇگان، – قىلما ئۇ پاراڭنى

تېپىلار ئەر ھەم بالا، ھېچ تېپىلماس ئاتا،
ئانامدىن كىچىك قالغاندا، ئۇ بولغان پانا.

تا ئولگىچە تارتىپ ژۇرمەي ئاتام دەردىنى،
ئۇنتالماستىن جان دادامنىڭ قەدرىنى...

ھوكۇمدار دەپتۇ: «جۇگان، سوزۇڭگە مەن قايىل،
غەزەپتىن قايتىپ، كوڭلۇم بوشاپ بولدۇم مايىل»

پادىشا كوڭلى ھەقىقەتتە يۇمشاپتۇ،
زىنداندىن ئۈچ نەپەر كىشى ئامان بوشاپتۇ.

خۇدا، بەندەڭنى ئاتا – ئانىغا قىلما زار،
قېرىنداش، پەرزەنت دەردىن تارتقۇزما زىنھار.

قەيسەر

ئىستىقلال يولىدا كەچكىن ھەممىدىن

ئويغانغىن ئەي ئوغلان، ئۇيغۇر پەرزەندى،
غەپلەتتە ئېگىرقاپ ياتمىغىن بۈگۈن.
بېخۇتلۇق ئىللىتى، بىچارىلىقتىن،
كېلەچەك ئەۋلاتقا قالمىسۇن تۈگۈن.

ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ تارىخىڭغا باق،
جەڭگىۋار بوۋىمىز ئالىپ ئەرتۇڭگا.
غالىپلار تارىخى، مەرتلەر قىسسىسى،
ئوغۇزخان ئىمزاسى گۇۋادۇر ئاڭا.

كوك بورى ئىزىدىن ژۈرگەندە ئوغۇز،
بىرلەشمەك، ئۇيۇشماق بولغاندى ئۇران.
ياپون دېڭىزىدىن تا كاسپىغىچە،
ئەجداتلار بىر پۈتۈن ئاتالغان تۇران.

ساپان سېپ يەركىمۇ دەسلەپ تارىمدا،
رەخ توقۇپ، كېۋەزمۇ تەرگەن ئۇيغۇرۇم.
پاختىدىن قەغەزنى ياساپ بىرىنچى،
شەرىققە خەت پۈتۈپ بەرگەن ئۇيغۇرۇم.

تەبەت سىرىدىن بولۇپ خەۋەردار،
قۇرۇتتىن ئىپەكنى ئالغان خوتەندە.
ئىنتىلىپ غەرىپكە شوھرىتى داڭدار،
ئىپەك يولىنى ئاچقان ۋەتەندە.

ئىلىم – پەن ئۇرىدىن مەشئەللەر يېقىپ،
ئەتراپقا شان – شوھرەت تاراتقان ئىدىڭ.
مەھمۇت ۋە يۈسۈپتەك دانالار چىقىپ،
ھەممىنى قەشقەرگە قاراتقان ئىدىڭ.

قېنى ئۇ سەلتەنەت، قېنى ئۇ ئامەت،
ئەۋلاتلار چەكمەكتە پىغان نادامەت.
كەلگىندى مەخلۇقلار ئاياق ئاستىدا
ژۇقتىمۇ تېنىڭگە مەھكۇملۇق ئىللەت.

يە جۇجى – مەجۇجى زوراۋانلىقى،
قورقاقلىق، ساتقۇنلۇق دەرتكە سالدىمۇ.
يە نەپسى بالاسى، شوھرەتپەرەستلىك،
كېسىلى بىزلەرنى چىرماپ ئالدىمۇ.
ئېچۇكتۇركى، مۇدىا – تىلىكىمىز بىر،
يەنىلا بولۇنۇپ تاش ئېتىشىمىز.
بىر پۈتۈن ئۇيغۇرنى بولۇپ نەچچىگە
ئەپسۇسكى، ئوز ئارا دۈشمەنلىشىمىز.

غەپلەتتە ياتمىغىن ئۇيغۇر پەرزەندى،
ئىناقلىق، بىرلىكتە يەڭگىنى تۇر ئەندى.
ئاداۋەت، مېرەزلىك كېسىلىن ژۇيۇپ،
قەددىڭنى رۇسلىغىن خانتەڭرى كەبى.

ئويلىغىن كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىڭنى،
تاشلاپ بىر ئارقىغا ئىللەتلىرىڭنى.
ئىستىقلال يولىدا ھەممىدىن كېچىپ،
كورسەتكىن ئۇيغۇرلۇق خىسلەتلىرىڭنى.

ئويلىرىم

ئويلىرىم بەك ئۇچقۇر كوياكى چاقماق،
مىڭ ژىللىق مەنزىلنى كېزەر بىر زۇمدا.
ئۇمۇتتەك شېرىن ئۇ، ئارزۇدەك گوزەل،
ئىللىق ۋە پاك تۇيغۇم مۇجەسسەم ئۇندا.

ئويلىرىم ھىس – تۇيغۇم، مېھىر – مۇھەببەت
ئىزگۇلۇك بېغىغا باشلايدۇ ھامان.
ئويلىرىم غەم – قايغۇ، غەزەپ ۋە نەپرەت،
ئوت ئاچار زۇلمەتكە قارشى ھەر زامان.

ئويلىرىم بىر تارىم، مىڭ ژىللىق ئوتمۇش،
ئويلىرىم كۈرەشتۇر قايناق ھاياتتا.
ئويلىرىم كېلەچەك، ئۇ شېرىن ئارزۇ،
ھايات لەززىتى ئۇنىڭسىز ساختا.

ئويلىرىم يوپۇرتار مۇشكۇل دەملەردە
قەددىمنى پۈكەلمەس ئالەمچە دەرت – غەم.
مابادا ئويلىرىم تەرك ئەتسە مېنى،
ياشاپ بولارمىدى بىر دەقىقە ھەم.

ئويلىرىم بەك ئۇچقۇر كوياكى چاقماق
مىڭ ژىللىق مەنزىلنى كېزەر بىر زۇمدا.
ئۇمۇتتەك شېرىن ئۇ، ئارزۇدەك گوزەل،
ئىللىق ۋە پاك تۇيغۇ، مۇجەسسەم ئۇندا.

ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنىڭ ھەۋەسىنى قوزغاپ، ھەيران قالدۇرىدىغان بىزنىڭ ئەۋزەل خىسلەتلىرىمىزنىڭ بىرى - ئۆ ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلىرىمىزدىكى ئۇملۇك، ئۇيۇشچانلىقىمىزدۇر. بولۇپمۇ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئېگىلىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ، ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى يار-دەم بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق. كۆپلىگەن كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئىشىنىز ۋۇژۇدتىن ھازىرقى شارائىتتا ئەندى ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا قىرقى نەزىرنى ئۆتكۈزۈش، ئەلۋەتتە، تالايلارغا ئاسانغا چۈشمەيۋاتىدۇ.

يارامسىز ئادەتلىرىمىزنىڭ يەنە بىرى - ئادەتتە نەزىر - چىراق، توي - تۆكۈنلەردە

ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا مۇناسىپ بولسۇن

دەم كۆرسىتىدىغانلىقىمىز يۈكسەك پەزىلىتىمىز. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆرپى - ئادەتلىرىمىزدىكى بەزى نەرسىلەردە ھەددىدىن تاشقىرى داغدۇغا - دۇمباق چالىدىغانغا، ئورۇنسىز ئاشۇرۇۋېتىشكە پۇل قويىدىغان يارامسىز ئادەتلەرنى سىڭدۈرۈپ ئېلىشقا ئۆتۈۋاتىمىز. يوشۇرىدىغىنى يوق، ھازىرقى دەۋردە بۇ ئەھۋال تالايلارنى قىيىن چىلىقلارغا دۇچ كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

ھازا بولغان ئۆيدە مەرھۇمنىڭ 3، 7، 40 ۋە ژىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئاتا - بوۋىلاردىن بېرى رەسمىيلىشىپ قالغان ئادىتىمىز بولسىمۇ، ھازىر ئۇلارنى ئىلگىرىكىدەك دەۋرلەردىكىدەك ئەمەس، ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە 52 كۈنلىكى، 6 ئايلىقى دېگەن نەزىر - چىراقلارنى ئۆتكۈزۈشنى چىقىرىۋالدۇق. بۇ پەتىۋانى كىمنىڭ تاپقانلىقى نامەلۇم، لېكىن ئىسلام شەرىئىتىدە ۋە ئىلگىرىدىن كېلىۋاتقان رەسمىي - يوسۇنلىرىمىزدا ئۇنداق ھاجەتسىز «نەزىر - چىراقلارنىڭ» بولمىغانلىقى ھەممىمىزگە ئېنىق. شۇنداقلا مەرھۇمنىڭ قىرقىنچەھەر پەيشەنبە كۈنى بولىدىغان ئازناخشىمىدا 5 - 10 كىشىنى چاقىرىپ، يېتسىلىپ قۇرئان ئوقۇتىدىغان، مەرھۇمنى ياد ئېتىدىغان ئادىتىمىزمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۈتۈنلەي باشقىچە تۈس ئېلىپ كەتتى. ھازىر ئۇنى رەسمىي بىر چوڭ نەزىر - چىراققا ئايلاندۇرۇپ، ھەر قېتىمقى پەيشەنبىلىكتە دورامغا دوراپ قىلىپ، 30 - 40 ئادەمنى ژىغىۋالىدىغان بولدۇق. ئەگەر ھەر قېتىمدا شۇنچىلىك ئادەمگە دەستىخان راسلاپ، ئاش تارتساق قىرقى نەزىرگە قانچىلىك خىراجەت كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرەيلىچۇ؟ باشقىلار قاتارى ئۆتكۈزمەن دەپ ئۆزىنى زورلاش بىلەن ئىش قىلىدىغانلارنىڭ كېيىن دەردى ئىچىدە ئىككى ئايالغا بىر پەتمۇس قويۇلىدۇ، ئاش - تائام تارتىلىپ، دەستىخان ژىغىلىشىنىڭ ئالدىدا شۇ پەتمۇسنى ئىككى ئايال ئوتتۇرىدىن بولۇپ ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇمۇ زادىلا ئەقىلگە سىغمايدىغان، ھەيران قالارلىق ئىش. دەستىخان ئۈستىگە كەلتۈرۈلگەن نازۇ - نېمەتلەرنى يەپ - ئىچىپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تەدبىر قىلىپ كېتىشنىڭ ئورنىغا، دەستىخاندىكى نەرسىلەرنى بۇلۇشۇشقا ئۆتۈش مېنىڭچە، سىلىق ئېيتقاندا، مەدەنىيەتسىزلىك. قوپاللىراق ئېيتقاندا، تويمىغۇرلۇق، ئاچكۆزلۈكنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇ خىل بۇلاڭ - تالاڭدىن كېيىن ۋاقىتدا كىبلەمەي كەچۈرۈن بولسىمۇ كۆڭۈل سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا قويغىدەك بۇ ئۆيدە ھېچ نەرسە قالمايۋ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ناھايىتى قولايسىز تەن قىسىنچىلىقىدا قالغانلىقىنىڭمۇ گۇۋاچىسى بولۇپ كېلىۋاتىمىز.

ئۆز ئورنىدا بۇ خىل يارامسىز ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك يىلتىز تارتىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسىتىدە ئېيتىلىدىغان پىكىرلىرىمىز ئېمىشكىدۇ شۇ يەردىلا قېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يۇرت موتىۋەرلىرى، ژىگىت باشلىرى، بەگلىرىمىز، جامائەتچىلىك ئاكتىۋىستلىرى بولۇپ مۇنداق يارامسىز ئادەتلەرگە يول بەرمەسەك. شۇنداقلا دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان ھېچ نەرسە بولمايدىغىنىدەك، ھازىرقى ھايات تەرىزىمىزگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئۆرپى - ئادەتلىرىمىزنى كۆچەپ تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئورنىغا يېڭىچە شەكىللەندۈرسەك نۇر ئۈستىگە نۇر بولار ئىدى دېمەكچىمەن.

نادىيە ھەسەن.
ئالمۇتا شەھىرى.

«ئاسمان شاھى» - ئۇيغۇر ژىگىتى ئادىل ھوشۇر



ئوتكۈزۈش قاتارلىق خەتەرلىك ھەرىكەتلەرنى ئىشلەپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

كېيىنكى يېرىم مۇساپىدە ئادىل بارغانسېرى تېز ماڭدى. ئەڭ ئاخىرى تاماشىبىنلارنىڭ ساداسى، تەنتەنە قىلىشى ئىچىدە ژۈگەرگەندەك مېڭىپ ئاخىرقى نوقتىغا يېتىپ باردى. ۋاقىت خاتىرىلەش ئەسۋابىدىن كىشىنىڭ ئىشەنگىسى قىيىن بولغان ۋاقىت - 13 مىنۇت 48 سېكۇنتنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ كانادىلىق كوكلوننىڭ ۋاقتىغا قارىغاندا تۆرت ھەسسە تېز بولدى.

1971 - ژىلى 1 - ئىيۇل كۈنى قەشقەر يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ بوزغۇن يېزىسىدا دارۋاز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئادىل تۆرت ياشقا كىرگىنى بىلەن دادىسى ھوشۇر مۇسادىن ئايرىلىدۇ. سىرك ئۆمىكىدە چوڭ بولغان ئادىل 8 ياشقا كىرگەندە، دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى مەشىق قىلىدۇ. 10 يېشىدا رەسمىي دارۋازلىق قىلىشقا باشلايدۇ...

1991 - ژىلى 1 - ئىيۇل كۈنى ئادىلنىڭ دەل ژىگىرمە ياشقا تولغان كۈنى ئۇنى تەبرىكلەشكە تېگىشلىك بولغان بۇ كۈندە بالايى - قازانىڭ ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىشى ھېچ كىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىدى. ئۇ شاخىيدە ئويۇن قويۇۋاتقان مەزگىلدە ئاغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، 17 مېتىر ئېگىزلىكتىن ژىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىككى يېرىم كىلوگرام قان قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ سۇنغان پۇت، قول، قوۋۇرغا ۋە باشقا سۆڭەكلىرىنىڭ 17 يېرى ئەسلىگە كەلمەيتتى. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ساقايغىنىغا 6 ئاي بولمايلا قولىغا يەنە تەكشەكنى ئېلىپ ئاغامچا ئۈستىدە مېڭىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ مەشىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئاخىرى بوشلۇقنى بويسۇندۇردى.

ئادىل ھوشۇر ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىققان مىڭلىغان ئۇنىڭ ئىشقىۋازلىرى ئۇنى يەرگە قويماي كۆتىرىپ، بىر نەچچە كوچىلارنى ئايلانغان.

ئادىل ھوشۇرنىڭ قەھرىمانلىقىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ئاسمان شاھى» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن 100 مىڭ يۈەن مۇكاپات بەرگەن.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتلىرىگە» ئاساسلىنىپ تەييارلىغان پەيزۇللا ئەخمەتوۋ.

بۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دارۋاز ئادىل ھوشۇرنىڭ ماھارىتى توغرىلىق گەپ بولۇپ، ئۇ توغرىلىق ناخشىلار توقۇلماقتا، گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىدېنىيە ئارقىلىق خەلققە تونۇشتۇرۇلماقتا. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ماھارىتى تەنتەنە قىلىشقا ئەرزىگىدەك، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگىدەك ماھارەت ئىدى.

خەلق ئارا «بوشلۇق شاھزادىسى» دەپ نام ئالغان كانادىلىق كوكلون 1995 - ژىلى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۈستىگە تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 646 مېتر، ئېگىزلىكى 405 مېتر كېلىدىغان پولات سىمدا مېڭىپ، 53 مىنۇت 10 سېكۇنت ۋاقىت ئىچىدە ئۇ قاسناققا ئۆتۈپ، دۇنيا رېكوردىنى ياراتقان ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادىل ھوشۇر دەرھال مەزكۇر مەيدانغا كېلىپ، ئەھۋال بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، دۇنيامۇخبىرلىرىغا كوكلوننىڭ رېكوردىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى جاكالىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بۇ قىيىن ئىشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلايدۇ. كوكلون ماھارەت كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، پولات سىمنىڭ قىمىرلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياندىن تارتىلغان 120 سىم ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1 مىلليون 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىناتتى. ھۆكۈمەت ئادىلغا ياردەم قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇنى ژىغىشقا مەجبۇر بولدى...

ئۇ ئىككى ژىل جەريانىدا قانچە تىرىشقىنى بىلەن 200 مىڭ يۈەن ئارانلا ژىغالىدى. بۇ يان تەرەپتىن تارتىدىغان سىمغا يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتنى ئۇزارتىشقىمۇ بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىكى پۇلنىڭ يېتىشىچە يان سىملارنى ئازايتىشقا، خوۋۇپ - خەتەرنىڭ بىر نەچچە ھەسسە زور بولىدىغانلىقىنى ئادىل چۈشەنسىمۇ ۋاقىت ۋە خىراجەت ئۇنى تەۋەككۇلچىلىكنى قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. نەتىجىدە 200 يان سىمنىڭ ئورنىغا 30 غا يېقىن يان سىم تارتىلدى.

ماھارەت كۆرسىتىدىغان كۈن. سائات 11 دە ئادىل ھېچ قانداق قوغداش تەدبىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇزۇنلۇقى 8،9 مېتر كېلىدىغان تەڭشەكنى تۇتۇپ، پولات سىم ئۈستىدە قەدەم تاشلاشقا باشلىدى. گەرچە 405 مېتر ئاستىدا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى، كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان گىرۋەكتىكى تىك قىيالار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچ نەرسىنى ھېس قىلمىغاندەك، يەر - يۈزىدە يۈرگەندەك، ئىنتايىن يەڭگىل مېڭىپ، بەش - ئالتە مىنۇت ئىچىدىلا پولات سىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پولات سىمدا تەكشەكنى بېشىدىن ئېگىز كۆتىرىش، ئىككى پۇتىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەكشەك ياغىچىدىن

تاراز شەھىرىدىكى بازاردا...

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىغا ئانچە كۆپ ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ، موشۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى پىلانلىق ژۈرگۈزۈپ، خوشنا ۋە ژىراق چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ئورنىتىپ سودا - تىجارەت ئىشلىرىغا ئىشىك ئېچىلدى.

تاراز شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوكتات بازىرى ئۆز دائىرىسىنىڭ تارلىقى بىلەن بۈگۈنكى ئۆسۈۋاتقان ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا جاۋاپ بېرەلمەيتتى، شەھەرلىك سودا - تىجارەت مەمۇرىيىتى بۇ ئەھۋالنى ھېساپقا ئېلىپ، يەنە 1000 كىشىلىكتىن ئارتۇق ئورۇن تەييارلاپ، ئۇنى سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى قولىدا كۆۋانىسى بارلارغا پايدىلىنىشقا بەردى. بۇ يېڭى بازارنى ئەركىن ئارىلاپ ئىزدىگەن نەرسىڭىزنى تاپالايسىز.

بازاردا ھەممىنى كۆرىسىز. سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ جان بېقىۋاتقانلار، پۇل تېپىپ باي بولۇۋاتقانلار، ئىشسىز لاغايلاپ ژۈرۈپ خەلقنى بۇلاپ - تالاۋاتقانلار، كىچىك باللىرىنى يالاڭاچ يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ قول كۆتىرىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارمۇ بار.

بازار دېگەن - بازاردە. ئادەمنىڭ كۆيلىكىدىن يول تېپىپ ماڭالمايمۇ قالىسىز. ئالغۇچىلاردىن ساتقۇچىلار كۆپ. دۇڭ ئېلىپ، پارچىلاپ ساتىدىغانلارنىڭ مەككارلىقى، ئادەمنى تولىمۇ جىلە قىلىدۇ. ئۇلار تارازىدا كام ئۆلچەپ بېرىپ، خالتىسىنى تولتۇرغىنى بىلەن خوشال. بىر دوستۇم ئىككى كىلوگرام سېرىق ماي ئېلىپ ئۆيىگە كېلىپ ئۆلچەپ كۆرسە 1 كىلو 600 گرامم چىقىپتۇ! بۇ ھەر قاچان ئۇچرايدىغان ئەھۋال. تارازىنى كام ئۆلچەپ خەقنىڭ ھەققىنى يېگۈچىلەر خۇدادىن قورقمايدىكەن؟!

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇغاي پۇل تېپىش يولىغا كىرىۋالغان كاززاپ، رەمچى، كىتاپ ئېچىش قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالدامچى بازارنى تالارغا نېمە دەيسىز؟ ئۇلارغا ئالدىنىپ ئاخچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلارغا كۆلەمسىز، ژىغلامسىز.

مۇنداق سەلبىي ھادىسىلەرنى كۆرگەندە: بازارباشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلار نېمىشكە ئۇلارغا جازا چارىلىرىنى قوللانمايدۇ؟ - دەپ ئويلاپ قالىسىز. بەلكى بۇلارمۇ ئۆزگىرىپ بازار ئىقتىسادىي يەنىمۇ كۈللىنىپ كېتەر دەپ ئىشىنىمىز.

ئەخمەتجان رەھىموۋ
تاراز شەھىرى

ژىغىن روھى يەتكۈزۈلدى

يېقىندا جامبۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئومۇمىي ژىغىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئومەرجان ئىبراھىموۋ مەركەزنىڭ پائالىيىتىدىن ھېساۋات بەردى.

- ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى باشقا مەركەزلەر بىلەن بىرلىكتە ۋىلايىتىمىزدە بولۇۋاتقان تۈرلۈك سىياسىي - ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىۋ قاتنىشىپ، ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلمەكتە، - دەپ باشلىدى ئۇ ئۆز دوكلادىنى، - نەۋرۇز، 8 - مارت، قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق كۈنى، 1 - ماي ۋە باشقىمۇ بايراملارنى باشقىلار قاتارىدا قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى كۆرسىتىپ، تۈرلۈك مىللىي تائاملار كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇردۇق. ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلىدىغان كىتاپ، گېزىت - ژۇرناللارنى («ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات») كىشىلەر دىققىتىگە ھاۋالە قىلىپ، مىللىي سەنئىتىمىزنى نامايىش قىلىدىغان كونسېرتلار بىلەن قاتنىشىپ كەلدۇق. شەھىرىمىزدىكى 220 دىن ئارتۇق ئېگىسىز بوۋاي - مومايلار ياشاۋاتقان قېرىلار ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارغا دەستىخان يېيىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالدۇق. ئۇلارغا 85 ئەرلەر كۆينىكى، 130 ئاياللار باش روملى، سوۋۇن، كىر ژۇيۇش پاراشوكى ۋە باشقىمۇ نەرسىلەرنى سوغا قىلدۇق. شۇنداقلا شەھەردىكى باللار ئۆيىگىمۇ قوي، گۈرۈچ، يەل - يېمىش، مېۋە - چېۋىلەرنى ئىئانە قىلىشتا جامبۇل شەھىرىدىكى بىر نەچچە مەشرەپ ئەھلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ ياردەم قىلدى.

ئاندىن، ئومەرجان ئىبراھىموۋ ئاقمولىدا شەھىرىدە ئېچىلغان قازاقستان جۇمھۇرىيىتى خەلقلىرى ئاسسامبلېيەسىگە قاتنىشىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭدا مىللەتلەر ئارا دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ئۇز ئارا رازىمەنلىك، بىر - بىرىگە غەمخورلۇق مەسىلىلىرى قارالغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى. شۇنداقلا ئېستونىيەدە ئېچىلغان ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەشىنچى باش ئاسسامبلېيەسىگە قاتناشقانلىقى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر زېمىنىنى خىتاي كوممۇنىستلىرى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراج قىلىۋاتقانلىقى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن خىتايلارنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، يەرلىك خەلق ئىشسىز قېلىپ، كۈندىن - كۈنگە نامراتلىشىپ كېتىپ بارغانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچىكى ناھايىتى چوڭ خوۋۇپ ئاستىدا تۇرغانلىقى توغرىلىق ئېيتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئېپەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئات ۋە ئاممىۋى ئەخبارات ئىشلىرى بويىچە مىللىي ئاگېنتلىقى.

تىراژى 3268
زاكاز 9748

تېلېفونلار: قوبۇلخانا - 59 - 84 - 33،
مەسئۇل كاتىپ - 01 - 92 - 33،
كاتىبات بولۇمى - 27 - 86 - 33، ئىجتىمائىي - سىياسىي بولۇمى 06 - 86 - 33
ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بولۇمى - 81 - 86 - 33،
ئىختىسات بولۇمى 17 - 86 - 33.

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты «Уйгур авази», регистрационное свидетельство №480, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.
Газета отпечатано в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Дәуір», Алматы, 480044, пр. Достык,7/4

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

ئۇلۇغ يازغۇچى م. ئەۋېزوۋنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى – روينىڭ سامان بولماس

يېڭى هايات

Йеңи һаят

1997 يىل 27 – سېنتەبىر شەنبە №20 (4081)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي – سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 – يىلى 1 – ياندۇاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر گېزىتلىرى – ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە

جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ مىنبىرى

ھەر قانداق گېزىت ئۆز دەۋرىنىڭ جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ مىنبىرى بولغان ھالدا كوپ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قابىل. ئۇ شۇنداقلا ئۆز دەۋرى ئالدىدا كوپ نەرسىلەر ئۈچۈن جاۋاب بېرىشى كېرەك. توغرا، ۋاقىتتىن ئوزغان ھالدا ئالدىراشلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىشكە ۋە شۇنداقلا پىشىپ يېتىلگەن ئۇ ياكى بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن رېئال ئىمكانىيەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گېزىت ئۆزىنىڭ ئىشتىراكى، ئۆز ۋاقتىدا قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن خەلقىمىز ئۈچۈن ئاھايىتى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چوڭ ياردەم بېرىشى مۇمكىن، ئەندى خۇددى ئېغىز ئاچماي رازىلىق بەرگەندەك، ئۇنىڭ بەرۋاسىزلىقى بىلەن خاتا، ئۇخشالىق قارارلارنىڭ ھىمايىچىسى رولىنى ئوينىشىمۇ مۇمكىن.

ئەگەر بىز «يېڭى هايات» گېزىتىنى موشۇ نۇقتىدا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھەر دائىم جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ مىنبىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ مۇڭ – زارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ چىگىش مۇئەممالىرىنى گېزىتخانلارغا چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەس.

راس، ھازىرقى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق دەۋرىدە كوپلىگەن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش دەرىجىسى كوڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ئايلىق مائاش، پېنسىيە پۇللىرى ئۆز ۋاقتىدا بېرىلمەيدىغان ھادىسىلەرنىڭ شاھىدى بولىۋاتىمىز. ئەينە شۇنداق شارائىتتا بەزىلەر: «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدىن، گېزىت ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇغۇ!» – دېيىشى مۇمكىن. مەن مۇنداق پىكىر قىلغۇچىلارغا زادىلا قوشۇلالمايمەن. چۈنكى ھازىرقى جوشقۇن، ھەر خىل ئىسلاھاتلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە تەشۋىشلىك بىر دەۋردە ئادەملەر ھاياتىدا ئاممىۋى ئەخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي گېزىتلىرىمىزنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى بارغانسىرى ئۆسمەكتە. بىز كۈندىلىك ھاياتىمىزنى «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى هايات» گېزىتلىرىسىز پەرەز قىلالمايمىز.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پاجەلىك ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قەھرىمانلىقلارغا تولۇپ تاشقان تارىخىنىڭ، قەدىمىي ۋە باي ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ، ئومۇمەن خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ھاياتى، چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلارنىڭ ھال – ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى توغرىلىق كوپلىگەن قىزىقارلىق ماتېرىياللارنى بىز ئەينە شۇ گېزىتلىرىمىزدىن ئوقۇپ بەھرىلىنىمىز.

ئەلۋەتتە، جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ مىنبىرى بولۇش، ھەر دائىم ئۆز سەھىپىلىرىدە خەلقىمىزنى ئويلاندۇرۇۋاتقان، تەشۋىشلەندۈرۈۋاتقان مۇئەممالارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، گېزىتخانلارنىڭ كوڭلىدىن چىقىش – بۇ ئاھايىتى جىددىي ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە جاۋاپكەرلىك ئىش. لېكىن «يېڭى هايات» گېزىتى ھەر دائىم ئەينە شۇ قىيىن ۋە جاۋاپكەرلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشىپ، ئۆزۈندىن كوپچىلىكنى ئويلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى يورۇتىشتا خېلە ئىشلارنى قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ يەردە مەن ئاخىرقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ روۋىختىنى بېرىپ ئولتارمايمەن. لېكىن بىر ئىككى ماتېرىيالنى ئاتاپ ئوتكۈم كېلىدۇ. مەسىلەن: سىدىق ھاجى روزىنىڭ «مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا» دېگەن كولەملىك سىياسىي – ئىقتىسادىي يۆنىلىشتىكى ماقالىسى، ئىلىيار ئومەرنىڭ «ئىلى مەشرىپى» دېگەن ماقالىسى ئەينە شۇنداق ھەر قانداق ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋاقەلەرگە نىسبەتەن گېزىتخاننى بەرۋاسىز قالدۇرمايدىغان ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەنىۋى قاششاقلىق – بۇ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر پاجەدۇر. بىز ئەينە شۇ ئەڭ ئېغىر پاجەنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالماسلىقىمىز، ئەندى مەنىۋى قاششاقلىققا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى، باللىرىمىزنى بىلىم ئىنختىدارىغا ئىگە، ئالىي پەزىلەتلىك، ئىمان – ئېتىقاتلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىشكە دەۋەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇخشىدىن قارىغاندا گېزىتلىرىمىز چوڭ بىلىم مەنبەسى ۋە مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېلىڭلار، دوستلار، ھەممىمىز ئۇيغۇر گېزىتلىرىمىزغا تۈگەل يېزىلايلى!

ئىبراھىم بارات.

بىزنىڭ ئەگكۈشتەرىمىز

شەخسەن مەن ئۈچۈن «يېڭى هايات» گېزىتى چارەك ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئەڭ قىزىقارلىق ۋە پايدىلىق مەسلىھەتچىگە، دېلكەش سوھبەتداشقا ئايلاندى. مەن «يېڭى هايات» گېزىتىنىڭ ھەر بىر سانىنى ئاھايىتى سىنچىلاپ ئوقۇپ چىقىپ، بەزى مۇھىم ماقالىلارنى باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىشكە ئالدىرايمەن. خەلقىمىزنىڭ مىڭلىغان يىللىق تارىخىدا بىز بىلمەيدىغان سەھىپىلەر ئاز ئەمەس. ئەندى خىتاي ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي تارىخى مۇستەملىكىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ساختىلاشتۇرۇلۇشقا، خەلقىمىزنىڭ دۇنياۋىي مەدەنىيەت غەزنىسىگە قوشقان ھەسسىسى يوققا چىقىرىلىشقا ھەرىكەت قىلىنىۋاتىدۇ. نەق ئەينە شۇنداق شارائىتتا «يېڭى هايات» گېزىتىدە خەلقىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنى بۇرمىلىغان خىتاي تارىخچىلىرىغا رەددىيە بېرىدىغان، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ قەبىھ، رەزىل ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىدىغان كۆپلىگەن مۇپەسسەل ماقالىلار بېرىلدى. تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور لىندا بېنسون خانىمنىڭ (ئا ق ش) «سىناقتا دۇچ كەلگەن تارىخ – ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر» دېگەن كولەملىك ماقالىسى ئەينە شۇنداق ماتېرىياللارنىڭ بىرىدۇر.

ھەر قانداق گېزىت ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنپىيەتلىرىگە جاۋاب بەرگەن ھالدا دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھازىرقى رېئال ۋەزىيەت تەقەززاسىغا ئۆز ماتېرىياللىرىنىڭ يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنى بىلەن تولۇق دەرىجىدە جاۋاب بېرىشى كېرەك. 20- ئەسىر ئاياقلىشىپ، 21- ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان ھازىرقى ۋاقىتتا كوممۇنىزم غايىسى بەربات بولۇپ، ئۆز ئابرويىنى تامامەن يوقاتتى. بۇ ئىدىيە پەقەت دۇنيادىكى ئاخىرقى ھاكىم مۇتلەق كوممۇنىستىك ئىمپېرىيە – خىتايدا ۋە بەزى بىر نەچچە كىچىك، ئاجىز دولەتلەردە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ چوقۇم بەربات بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. «يېڭى هايات» گېزىتى بۇ يۆنىلىشتىمۇ مەلۇم ئىشلارنى قىلدى، كولەمنىڭ چەكلىكلىكىگە قارىماي، دۇنيا ئېقىم مەسىلىلىرىنى يورۇتۇش، قىزىل خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ خەلقىمىزگە ئېلىپ كەلگەن بالايى – ئاپەتلىرىنى پاش قىلىش، شەرقىي تۈركىستان مىللىي – ئازاتلىق ئىنقىلاۋى (1944– 1949) ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئېغىر قىسمىتىنى يورۇتۇشقا دائىم كوڭۈل بولۇپ، گېزىتخانلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە.

جەمئىيەت تەرەققىياتى بۇ ئۈزلۈكسىز جەرياندۇر، چۈنكى دائىم يېڭى ئەۋلات ھاياتىمىزغا ئورۇن ئالىدۇ، ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېڭى ئەۋلاتنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەش گېزىتىمىزنىڭ ھەر دائىم دىققەت مەركىزىدە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى توغرىلىق ئەترابلىق يېزىلغان ماقالىلار، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىق دەلىل – ئىسپاتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ماتېرىياللار سۆزىمىزنىڭ يارقىن دەلىلى بولسا كېرەك.

ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەلبىگە يول تېپىشقا ئىنتىلىۋاتقان «يېڭى هايات» خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك گېزىتىغا ئايلانغانلىقى تالاشسىز. راست، ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقى ھەممىمىزگە ئۆز تەسىرىنى يەتكۈزمەكتە. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ مەنىۋى ئۇزۇغىمىز ۋە بىلىم مەسلىھەتچىمىزگە ئايلانغان «يېڭى هاياتقا» مەن 1998 – يىل ئۈچۈن بىرىنچىلەر قاتارىدا مۇشتەرى بولدۇم ۋە باشقىلارنىمۇ ئۇيغۇر گېزىتلىرىگە مۇشتەرى بولۇشقا چاقىرىمەن.

مەھەممەتجان ھاجىم قادىروۋ.

تويى تەنتەنىلىرى داۋام قىلماقتا

قازاق خەلقىنىڭ كلاسسىك يازغۇچىسى ۋە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل تولۇشىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلەر داۋام قىلماقتا. 19- سېنتەبىردىن باشلاپ قازاقستان پايتەختىدىكى م. ئەۋېزوۋ نامىدىكى قازاق دراما تىياترى ۋە غ. مۇسرېپوۋ نامىدىكى دولەت ياش ئوسمۇرلەر تىياترلىرىدا، «ئارمان»، «بايقوڭىر» كىنوتىياترلىرىدا، مەركىزىي كونسېرت زالى ۋە جۇمھۇرىيەت سارىيىدا ئۇلۇغ يازغۇچى ئەسەرلىرىنىڭ فېستىۋاللىرى ۋە تەنتەنىگە بېغىشلانغان كونسېرتلار بولۇپ ئوتتى. قازاقستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مەجلىس زالىدا «م. ئو. ئەۋېزوۋ- 20 – ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارى» دېگەن ماۋزۇدا جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سېسسىيەسى، مەركىزىي دولەت مۇزېيى ۋە مەركىزىي كىتاپخانىدا م. ئەۋېزوۋنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان كورگەزمىلەر ئېچىلدى. پارلامېنت ئويىدە «م. ئەۋېزوۋ ۋە يېۋرازىيە مەدەنىيىتى» نامىدا ئەدەبىي سىمپوزىئوم ۋە جاي – جايلاردا باشقىمۇ چارە – تەدبىرلەر بولۇپ ئوتتى.

بۈگۈن 27 – سېنتەبىر كۈنى ئالمۇتىدا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى، چەت ئەللەر ۋە ۋىلايەتلەر دېلېگاتسىيەلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن م. ئو. ئەۋېزوۋنىڭ مۇزېي ئويى تەنتەنىلىك ئېچىلىپ، ئۇلۇغ يازغۇچىغا بېغىشلانغان رەسمىي مەجلىس ئوتكۈزۈلىدۇ ھەم م. ئەۋېزوۋ، كوكۆل، تېمىريازېۋ ۋە ئاباي كوچىلىرى چېگارىسىدا بۈيۈك يازغۇچىنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ 100 يىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك تىياترلاشتۇرۇلغان تەنتەنىلەر داۋام قىلىدۇ.

كلاسسىك يازغۇچى ۋە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان ماتېرىياللار گېزىتىمىزنىڭ 2- بېتىگە بېرىلدى.

ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

تېچلىق بايرىمىغا ئايلاندى

13- سېنتەبىردىن 20- سېنتەبىرگىچە ئالمۇتىدا ئاھايىتى چوڭ تەييارلىقلار بىلەن ئوتكۈزۈلگەن 2- ئوتتۇرا ئاسىيا سپورت ئويۇنلىرىنىڭ ئولىمپىيادىسى ھەقىقىي تېچلىق بايرىمىغا ئايلاندى. ئويۇن نەتىجىلىرى بويىچە قازاقستان 229 ئالتۇن ۋە كۈمۈچ مېدالغا، ئۆزبەكستان – 157، قىرغىزستان – 106، تۈركمەنستان – 23، تاجىكستان 14 ئالتۇن ۋە كۈمۈچ مېدالغا ئىگە بولدى.

بېلورۇسسىيە – قازاقستان مۇناسىۋەتلىرى

22- سېنتەبىر كۈنى بېلورۇسسىيە پرېزىدېنتى ئالېكساندر لۇكاشېنكو تۇنجا قېتىم تورت كۈنلۈك رەسمىي سەپەر بىلەن ئالمۇتىغا كەلدى. مۇزاكىرىلەر داۋامىدا ئىككى دولەت پرېزىدېنتلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر ئاز «كوڭۈلسىزلىكلەرگە» قارىماي، ئالتە مۇھىم ھۆججەتكە ئىمزا چېكىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ۋە بۇرۇن قولغا كەلتۈرۈلگەن 28 شەرتنامىنىڭ كېلەچەكتە قانداق ئەمەلگە ئېشىشىنى ھايات كورسىتىدۇ.

لى پېڭنىڭ قازاقستانغا رەسمىي سەپىرى

تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئوتكەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىدا ئوز ئورنىنى ساقلاپ قالغان خ خ ج دولەت كېڭىشىنىڭ پرېمىيېرى لى پېڭ 24- سېنتەبىر كۈنى قازاقستانغا رەسمىي سەپەر بىلەن كەلدى. خوشنا دولەت رەھبىرىنى پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييېۋ بىلەن قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېمېر- مىنىستىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغۇچى ئاخمېتژان يېسىموۋ ئالمۇتىدا سەممىي كۈتۈۋالدى.

ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەر داۋامىدا 1700 كىلومېتىرغا سوزۇلغان قازاقستان – خىتاي دولەت چېگارىلىرى توغرىلىق قوشۇمچە ھۆججەتكە ۋە ئوزەن نېفتىنى ترۇبا ئارقىلىق خىتايغا يەتكۈزۈش توغرىلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلدى. نۇرسۇلتان نازارباييېۋ بىلەن لى پېڭنىڭ ۋە ئىككى مەملىكەت دېلېگاتسىيەلىرىنىڭ ئۇچرىشىشلىرىدا قازاقستان – خىتاي دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىتىش توغرىلىق سوز بولدى.

چېچەنىستان بىلەن روسسىيە كېلىشەلەمدۇ؟

چېچەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى ۋىتسې – پرېمېرى موۋلادى ئۇدۇگوۋ يولباشچىلىقىدىكى چېچەنىستان دېلېگاتسىيەسى روسسىيە بىلەن ۋۇر كۈزۈلىدىغان مۇزاكىرىلەرنىڭ يېڭى راۋۇندىغا قاتنىشىش ئۈچۈن سېيشەنبە كۈنى موسكۋاغا كەلدى. بۇ مۇزاكىرىلەرنىڭ ئاھايىتى قىيىن بولىدىغانلىقى كۈتۈلمەكتە. چېچەنىستان پرېزىدېنتىنىڭ مەتبۇئات كاتىۋى كازىبېك خادژىيېۋ مۇزاكىرىلەر ھارپىسىدا جوھار قالا «موسكۋا بىلەن تولۇق كولەمدىكى دولەتلەر ئارا شەرتنامىنى ۋە ئومۇمىي مۇداپىئە ھەم ئىقتىسادىي كەلگۈسى توغرىلىق كېلىشىمنى ئىمزالاش، ئۇزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى روسسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بەرمەسلىك» نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. روسسىيە فېدېراتسىيەسى بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ كاتىپى ئىۋان رىبكىن بولسا «چېچەنىستان ۋۇقۇرى دەرىجىدىكى ئەركىنلىك ۋە ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ روسسىيە فېدېراتسىيەسى تېررىتورىيەسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇشى زورۇر» دەپ تەكىتلىمەكتە.

ئاۋغانىستاندا ئۇرۇش داۋام قىلماقتا

ئاۋغانىستاندا ئۇرۇش يېڭى باسقۇچقا كوتېرىلىپ، تالىبلار مازارى – شەرىپ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى خايروتون شەھىرىنى بېسىپ ئالغان. چەت ئەل ئەخبارات قۇراللىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ شەھەر تالىبلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئوق – دورا ساقلايدىغان قورغانى بولغان. تالىبلارنىڭ غالىبىيەت قازىنىشىغا بۇ يەردىكى ئىككى ئۆزبەك گېنېرالى دوستۇم بىلەن مالىكنىڭ ئۆز ئارا رىقابىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇلار تالىبلارغا قارشى تۇرۇش ئورنىغا بىر – بىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قىرىشقان.

ھورمەتلىك گېزىتخانلار!

مۇشۇ يىلنىڭ 1- سېنتەبىردىن 1998 – يىل ئۈچۈن گېزىت ۋە ژۇرناللارغا مۇشتەرى توپلاش باشلاندى. جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى هايات» گېزىتلىرىغا بارلىق ئالاقە بولۇملىرى، جايلاردىكى جەمئىيەتلىك ئاساستا مۇشتەرى توپلىغۇچىلار ۋە گېزىتلىرىمىزنىڭ ئاكتىۋىستلىرى ئارقىلىق يېزىلىشقا بولىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئىندېكسى 65357، بىر يىللىق يېزىلىش باھاسى 871 تەڭگە 32 تىيىن.

«يېڭى هاياتنىڭ» ئىندېكسى 65359، بىر يىللىق يېزىلىش باھاسى 795 تەڭگە 60 تىيىن.

ئۆز ئانا تىلىڭىزدىكى گېزىتلارغا يېزىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئۇلۇق يازغۇچى م. ئەۋېزوۋنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل

بۈيۈك شەخسلەر ئەۋېزوۋ ھەققىدە

قايسى تەرەپتىن ئالساڭمۇ مۇختار ئەۋېزوۋ - بەختلىك ئىنسان. ئۇ - كوزىنىڭ تىرىكلىكىدىلا دۇنيادىن ئوتكۇزگەندىن خەلقىنىڭ بۇيۇك ھورمەت - ئىھتىرامىغا سوۋغىسىگە بولەنگەن. ئۇ بىر مەرىكلىك كوزلەردىلا ئەمەس، ھەر دايىم ئىلىمنىڭ ياندىدا يارقىن ساقلىنىپ تۇرىدىغان، تارىختىكىگۇ، تەقدىرنىڭمۇ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن ئۇلۇق ئاماينىدە.

نۇرسۇلتان نازارباييۋ.

* * *

«ئات تويغىنى تاي بىلسىدۇ» دىگەن ناتەمسىل بەدىئىي ئىجادىيەت دۇنياسى ئۇچۇن ئومۇمى خاراكتېرلىقتۇر. شۇڭا ئەمەس، بىر يازغۇچىنىڭ ئورنى ئىككىنچى يازغۇچىغا مۇناسىپ بولالمايدۇ. ھەر بىر يازغۇچى ئوزىگە خاسلىقى، ئورنى بىلەن باھالىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن دەل ئوتتۇرامىزدا ئەۋزەل بولۇپ بىلىنىپ تۇرغان مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ جايىنى ئىگىلىگەرى ئۇچۇن قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسى ئەڭ زور ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. دىمەك، ئۇ بىزگە پەقەت ئورنىنىلا قالدۇرۇپ كەتكىنى يوق. مۇختارغا ئوخشاش مول، سۇپەتلىك ئەمگەكلەر بېرىش ئۇچۇن ئىزىنى قالدۇردى. ئورنىنى جولەمرەتەمەسلىك پەرىزىنى قالدۇردى.

غابىت مۇسرېپوۋ.

* * *

مەن، ھەممىمىزگە تەڭ ئورتاق، دانا يازغۇچى، تۇركىي خەلقلىرىنىڭ غورۇرى- ئىپتىخارى بولمىش ئىنتايىن قەدىرلىك مۇختار ئوماقلىن ئوغلى ئەۋېزوۋنىڭ ئۇستاز تۇتقان ھالدا ئىخلاس باغلاپ، ئىجادىيەت يولىدا ئۇنىڭغا - ئەمۇنە قىلىپ كەلمەكتىمەن.

زىيا سەمەدىي، قازاقستان خەلق يازغۇچىسى.

مۇختار ئەۋېزوۋ بىلەن قازاق خەلقى بىر تۇتاش ئۇقۇم. ئۇنىڭ نامى قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، تەپەككۇرىنىڭ رەمزى. بۇگۇنكى كۇندە «20-ئەسىرنىڭ كلاسسىكلىرى» دىگەن بۇيۇك ئاتاققا ئەۋېزوۋنىڭ ئىسمى قوشۇلدى. مۇختار ئەۋېزوۋنى - بىزنىڭ زامانىمىزنىڭ ئوتە پەيكۇلا يازغۇچىسى دەپ ئىشەنچلىك تۇردە ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، ئوتكۇر ئۇچقۇنى ئوزىگە خاس. «ئاباي» ئېپوپېيەسى بىزنىڭ ئومۇمى ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئىنسىكلوپېدىيەسى بولۇپ قالدى.

مۇختار ئەۋېزوۋ ئارقىلىق بىز ئالەمگە تۇركىي تىللىرىنىڭ بايلىقى بىلەن تارىخىي دەستۇرلىرىمىزنى تونۇتتۇق. «ئاباي» رومانىنىڭ باش قەھرىمانى، ئاباي قۇنانباييۋ بىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇلۇق ئوبرازىغا ئايلاندى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن شۇنى تەكىتلىگۈم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى قازاق خەلقىنىڭ تىلى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ تارىخىغا ئۇنىڭ ماڭگۇ ئۇنتۇلماس ھەيكەل بولۇپ قالدى.

چىڭگىز ئايتماتوۋ.



هازىرقى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ قولغا كەلتۇرگەن ئۇتۇقلىرى، قازاقستان روھى مەدەنىيىتىنىڭ يۇكسىلىشى جەريانىنى مەشھۇر يازغۇچى مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ ئىسمى بىلەن بىۋاستە باغلىماي دىسەك ئاشۇرۇپ ئېيتقان بولمايمىز. قازاق يازغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇ دەسلەپكىلەردىن بولۇپ ئاباي ئوبرىزى ئارقىلىق قازاق خەلقىنىڭ ئوتمۇش ھاياتى، مىللىي ئەنئەنىلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن پەخىرلىك نامغا ئېگە بولالىغان ئەدىب. دىمەك، ئۇ ئوزىنىڭ يازغۇچىلىق ماھارىتى، ئىلمى، تارىخىي ئىزدەنىشلىرى تۇپەيلى كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇچۇن قازاق خەلقى ھاياتىنىڭ پۇتۇن بىر ئەسىرلىك دەۋرىنى ياڭلىۋاشتىن جانلاندۇرۇپ بېرەلىدى. نامى دۇنياغا تونۇلغان ئېپوپېيەسى بىلەن ئاباي دەۋرىنى بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگە ئۇلاپ، ئابايىنى ھازىرقى قازاق خەلقىنىڭ مەنىۋى، روھى ئۇستازى دەرىجىسىگە كوتەردى. شۇڭلاشقىمۇ يازغۇچىنىڭ «ئاباي يولى» ئېپوپېيەسى ئادەتتىكى بىر تارىخىي بەدىئىي ئەسەرلا بولۇپ قالماي، بەلكى قازاق خەلقىنىڭ كوپ ئەسىرلىك ھاياتىنى ئوز ئىچىگە ئالىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار گالېرىيەسىنى ياراتقان قەھرىمانلىق داستان، دالا تارىخى، دالا پەلسەپەسى بولۇپ قالدى.

مەنىۋىيەت بىلەن بايانلىدى». شۇنداق روھى مەنبەنى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي شارائىت بىلەن باغلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىنىڭ ئوزى يازغۇچىنىڭ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىمىدىن دەرەك بەرسە كېرەك.

ھەقىقەتەنمۇ مۇختار ئەۋېزوۋ قازاق خەلقىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلىك ئوتمۇش تارىخىنى بەدى-

پارىخورلۇقى، بولگۇنچىلىككە سىبلىنىشى، ئادالەتسىزلىكى ئىكەنلىكىنى ئوتكۇر پاش قىلىدۇ.

ئەدىب «قازاق ئىچىدىكى پارتىيەلەر نەدىن پەيدا بولدى» دىگەن ماقالىسىدا قازاقلارنىڭ رۇۋ ۋە تايپىلارغا بولۇنۇش سەۋەپلىرى ئاقىۋىتىدىن يۇز بېرىۋاتقان توقۇنۇشلارغا توختىلىپ ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى ئادەملەرنىڭ بىرلىك، ئى-

خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ئەدىب

سۇرەتتە: ن. س. تىخونوۋ، م. ئەۋېزوۋ ۋە س. مۇقانوۋ قازاق ئەدەبىياتى بىلەن سەنئىتىنىڭ موسكۋادىكى ئون كۇنلۇكىنىڭ ئېچىلىشىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلىك مەجلىسنىڭ پرېزىدىۋمىدا. 1958 - يىل، دېكابىر.

ئەگەر ئاباي قازاق خەلقىنىڭ ئوتمۇش زامانىدىكى ئۇلۇغۋارلىقىنىڭ، ئوي تەپەككۇرىنىڭ بۇيۇك بىر چوققىسى دەپ پەرەز قىلساق، بۇ داڭلىق ئاقىن ئوبرىزىنى رومانىست سۇپىتىدە ۋايىغا يەتكۇزۇپ، جانلاندۇرۇپ ماھارەت بىلەن ياڭلىۋاشتىن ياراتقان مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ ئوزى يېڭى زاماندا يېڭى شارائىتقا ماس ياراتقان قازاق مەدەنىيىتى تارىخىدىكى بۇيۇك بىر چوققىغا ئايلاندى.

مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يۇكسەلدۇرۇپ، رىۋاجلاندۇرۇش ساھاسىدىكى ئەمگىكى يالغۇز ئابايغا مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلىرى، ئابايشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئوتتۇز يىللار مابەينىدە قازاق دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدىن ستۇدېنتلارغا لېكسىيە ئوقۇدى. ستۇدېنتلار بىلەن ئاسپىرانتلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى سۇپىتىدە ئومرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە جۇمھۇرىيەت دائىرىسىدىكى ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئابايشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. باھالىق مەسلىھەتلىرى بىلەن ئىلىم يولىدا ئىزدەنگۇچىلەرگە ئۇستازلىق قىلدى. ئۇنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى بىلەن قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى، مەنىۋى مەدەنىيىتى، تارىخىنى ئۇگەنگۇچىلەر ئۇچۇن ئاساسىي مەنبە ھىسابلانغان «قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئوچېركلىرى» (1958 - يىل) ۋە باشقا بىر قانچە فولكلور ساھاسىدىكى ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى. ئەدىبنىڭ قازاقنىڭ مەنىۋىيەت دۇنياسىنى بېيىتىش ساھاسىدىكى رولىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا بىز يازغۇچى ئالىمنىڭ قازاق ئەدەبىياتىنىڭ غول بېشى، خەلقىنىڭ بىباھا قىممەتكە ئىگە بايلىقى قازاق ئېپوسى بىلەن فولكلورى توغرىلىق ئەمگەكلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالماي ئوتەلمەيمىز.

ئۇ «قازاق خەلقىنىڭ ئېپوسى بىلەن فولكلورى» ناملىق ئەسىرىدە «بەخت ئىزدەپ ئەسىرلەر بويى چول - جەزىرنى كېزىپ ژۇرگەن غەمكىن سەرگەردان يولۇۋچى سىمان قازاق خەلقى بىزگە ئارختېكتورا بىلەن مىمارلىق، رەسساملىق سەنئىتى يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرالمىدى. لېكىن ئۇ بىزگە ئەڭ باھالىق مىراس - جىر مىراسىنى ھەدىيە قىلدى. جىرچى، ئاقىن ھۇنىرىنى قەدىمى زامانلاردىن باشلاپ ئوز بويىغا سىڭگەرگەن ئاقىنلىق، ھاپىزلىق خىسلەتلىرى ئارقىلىق ئوزىنىڭ ئىچكى سىزىملىرىنى، تەپەككۇرىنى ئۇنتۇلماس ئېپوسلىق داستانلىرىدا، رىۋايەتلىرىدە، قىسسىلىرىدە، خىلمۇ-خىل جىرچەشمىلىرىدە كەڭ دائىرىدە تەسۋىرلەپ،

ئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن سوز ماھىرىلا ئەمەس، ئۇ شۇنداقلا ئوز دەۋرىنىڭ ئىنتىلىش، ئىستەكلىرىنى، ئىستىقبال ۋەزىپىلىرىنى ياخشى چۇشەنگەن ئالىم، يازغۇچى ئەرباپ ھەم سالاھىيەتلىك ئۇستازدۇر. ئۇ قازاق سەھنىسىنىڭ پەردىسىنى دەسلەپ ئېچىپ، ئۇنى ئوز ئەسەرلىرى بىلەن بېيىتقان دەسلەپكى كەسپىي دراماتورگ، تىياترنىڭ دەسلەپكى رېژىسسورى ھەم رەھبىرىدۇر.

يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي كوز قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوكتەبر ئوزگىرىشىدىن كېيىن يۇز بەرگەن سىنىپىي قارمۇ - قارشىلىقلار مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، سەنئەت ساھاسىدىكى پەيدا بولغان يېكىملىق تالاش - تارتىشلار تەسىر قىلماي قويمىدى. بۇ ئاساسەن يازغۇچىنىڭ 20 - 30 - يىللاردىكى ئىجادىي پائالىيىتىدە روشەن كورىنىدۇ. م. ئەۋېزوۋ شۇ دەۋردە ئىجات قىلغان ئەسەرلىرىدە قازاقستاندا مەدەنىي - مائارىپ، ئىجتىمائىي سىياسىي كوز قاراشنىڭ، جەمىيەتلىك ئوي - پىكرىنىڭ، سەنئەتنىڭ رىۋاجلىنىشى ئاساسىي مەنبە قىلىپ ئالىدۇ.

مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1917 - يىلدىن باشلاپ كورۇنۇشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ئىسمىنى كوپچىلىككە تونۇتۇشتا شۇ مەزگىلدە چىقىۋاتقان «ئاباي» ژۇرنالى ۋاستە بولغان ئىدى. ئۇنى تەشكىللەشتۇرۇش تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرىمۇ، رەھبەرلىك قىلىپ، ماتېرىياللىرىنى تويلىغانمۇ ئەۋېزوۋنىڭ ئوزى بولغان. ژۇرنالنىڭ ھەر ساندا دېگىدەك ئەۋېزوۋنىڭ ماقالىلىرى، ئىجادىيەت نەمۇنىلىرى بېسىلىپ تۇراتتى. ئەدىبنىڭ «ئىلىم»، «ئىلىم تىلى»، «قازاق ئىچىدىكى پارتىيەلەر نەدىن پەيدا بولدى» (ھەر خىل كورپىۋازلىقلار دېمەكچى) «مەدەنىيەتكە قايسى كەسىپ ھەممىدىن يېقىن»، «مەدەنىيەت ۋە مىللەت» ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشىغان ماقالىلار كوپچىلىك ئارىسىدا چوڭقۇر قىزىقىش ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققەت - نەزىرىنى ئالاھىدە جەلىپ قىلغان «قازاقنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماقالىسى 1917 - يىلى تاشكەنت شەھىرىدە چىقىدىغان «ئالاش» گېزىتىنىڭ 30 - مارتتىكى 16 - ساندا بېسىلىپ چىقىدۇ. مەزكۇر ماقالىسىدا ئۇ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەۋىدىن ئۇنىڭ ئوسۇش، ئىلگىرىلەش يوللىرىنىڭ تارلىقىنى، ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇپ ئولتارغان ھوكۇمران سىنىپ دائىرىلىرىنىڭ قازى، خان، بىيلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى،

تتىپاقىغا دەخل يەتكۇزىدىغانلىقىنى قاتتىق تەنقىت قىلغان. بۇنىڭدا يازغۇچى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئوز ئالاھىدىلىكلىرىگە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبىي يارىلىشى خۇسۇسىيىتى بويىچە قانداق كەسىپ، قايسى ئىشقا مايىللىقى، كىشىلەرنىڭ ئىنتىزاملىق بولۇشىنىڭ ئىنسانىي خىسلەت ئىكەنلىكىنى تەرىپلەيدۇ. «ئادالەت يوق يەردە ئوغۇرلۇق، زۇلۇم - زورلۇق كوپىيىدۇ، كوپ ئازغا، كۇچلۇك ھالسىزغا كوز ئالايتىدۇ. ئۇلار يۇرت ئىچىدە ئاداۋەت، ئۇچمەنلىك تۇتاشتۇرۇپ، ئەلنى بۇزىدۇ. ئۇنىڭغا تىكىنخورلارنىڭ چوكچىلىقى، تەييار تاپلىقى قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ قېشىدا بېشىنى كوتىرىپ ژۇرىدىغان خوشامەتچىلىرى پەيدا بولىدۇ. ئەينە شۇنداق نالايىق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدە بولگۇنچىلىك - رۇۋچىلىق كېسىلى پەيدا بولىدۇ» دەيدۇ ئەدىب.

مۇختار ئەۋېزوۋ رۇۋچىلىققا قارشى تۇرىدىغان ئۇچ تۇرلۇك قۇرالنىڭ بارلىقىنى تەرىپلەيدۇ. بىرىنچىدىن، - دەيدۇ ئۇ، - ئەلنى باشقۇرغان كىشى ئادىل، ئوقۇغان، ھەر قانداق ئىشنى ئوز ۋاقتىدا ھەل قىلىدىغان، خەلق ئالدىدىكى جاۋابكەرلىكىنى ياخشى چۇشىنىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىش بىلەن تەمىنلەشكە كوڭۇل بولۇشى، ئۇلارنىڭ بوسۇنچىلىقتا ھايات كەچۇرۇشىدىن ھىمايە قىلىشى لازىم. ئۇچىنچىدىن، ئەمگەكچىنىڭ ئوز جورىسى ئوز باھاسىنى ئېلىشى كېرەك. بۇلار ھەر قانداق ئادەمنى جەمىيەت ئۇچۇن پايدىلىق ئەمگەك قىلىشقا رەغبەتلەندۇرىدۇ. ئەۋېزوۋنىڭ ئەقىلانە ئېيتقان بۇ پىكىرلىرى ھەر قانداق جەمىيەتلىك سىستېمىدا ئوز ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدىغان فىلوسوفىيەلىك تولگۇنلەردۇر.

ئەدىب كىم، نېمە توغرىلىق قەلەم تەۋرەتمىسۇن، بىرىنچى نوۋەتتە ئالغان ماۋزۇسى ۋە قەھرىمانلىرىنى ئەتراپلىق ئوگىنىپ، ئۇنى تەپەككۇر تارازىسىدا مۇستەھكەم پىشۇرۇپ ئالغىنىدىن كېيىن يېزىشقا كىرىشىپ، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ قىياپەتلىرىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇ ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئوسۇپ ئولگىيىشى، ئۇتۇقلار يەللىسىگە كوتىرىلىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ دەرىجىسىگە، تەپەككۇر دائىرىسىگە باغلىق. شۇڭلاشقىمۇ دۇنيانىڭ ئالتۇن قوزۇقى ئىلىم بىلەن مەدەنىيەت دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

ئەۋېزوۋ بەدىئىي تەسۋىرنىڭ، فىلوسوفىيەلىك ئوي - پىكىرنىڭ ماھىرى سۇپىتىدە ئوزىنىڭ پۇتكۇل ئاڭلىق ھاياتىغا قىبلىنامە بولىدىغان ئاساسى ماۋزۇسىنى باشلىغىدىلا تاللاپ ئالغان. ئۇ ئوزى ئۇچۇن مەڭگۇلۇك بولۇپ قالغان ئاباي ماۋزۇسى بولدى. ياش مۇختار بالىلىغىدىلا ئاباي شېئىرلىرىنىڭ قول يازمىلىرىنى ئوقۇپ ساۋادىنى چىقاردى. شۇ مەزگىللەردىلا ئابايىنىڭ ئاقىنلىق دۇنياسىغا چوڭقۇر چوكۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى كۇچىنى بويىغا سىڭدۇردى. ئۇ ئۇستازى يولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا، ئىجادىي مىراسىنى تەتقىق قىلىشقا ئوز ھاياتىنى بېغىشلىدى. ئاباي ئارقىلىق خەلقىنىڭ كەلگۇسىگە بولغان ئىنتىلىش، ئوي - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشى ئوز خەلقىنىڭ ئوزىنى تونۇش، مىللىي غورۇرىنىڭ ئويغىنىشىنى كەلتۇرۇپ چىقىشى مەلۇم دەرىجىدە ئۇلارنىڭ بۇگۇنكى ئىستىقلالىيەتكە يېتىشىگە تۇرتكە بولدى.

مۇختار ئەۋېزوۋ يازغۇچىلارنىڭ دانىشمەن ئەللامىسى سۇپىتىدە قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققى ئېتىپ، گۇللىنىشىگە كوپ كوڭۇل بولدى. ئوزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى، ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن ياردەملەشتى. قازاق خەلقىنىڭ بىباھا روھى، مەنىۋى مىراسلىرى توغرىلىق كوپلىگەن ماقالىلارنى، پۇبلىستىكىلىق ئوچېركلارنى يازدى. مىللەتنىڭ مەنىۋى مىراسىنى، تۇرمۇش - تەغدىرىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۇشەنگەن يازغۇچى ئۇنى ئەمەلىيەتتە قانداق بېيىتىش، رىۋاجلاندۇرۇش يوللىرىنى ئىزدىدى. بولۇپمۇ ئۇ تىلنىڭ تازىلىقى، تىل ئېكولوگىيەسى بىلەن تەرجىمە مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بەردى. يازغۇچى خەلقىنىڭ باي مەنىۋى مىراسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قانداق ئاڭلىق ئادەم بىرىنچى نوۋەتتە ئوزىنىڭ ئانا تىلىنى ياخشى بىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ كەلدى. «ئوز ئانا تىلىنى، ئەدەبىياتىنى بىلمىگەن ئادەمنى شۇ خەلقنىڭ ۋەكىلى، زىيالىسى دەپ ساناشقا بولمايدۇ. ئۇ قانداق بىلىمگە ئېگە بولمىسۇن، مىللىي روھى ھىس - تۇيغۇسىنىڭ كامىللىقى سىزىلىپ تۇرىدۇ» دەپ ئېيتقان ئىدى م. ئەۋېزوۋ. ئۇ ئوز مەزگىلىدە ئوز ئانا تىلىنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىنى قەدىرلىمەيدىغان ئىنكىلىستىلار، قىزىل مەنسەپپەرەسلەر بىلەن كورەشتى. ئەينە شۇنداق سەلبىي كورۇنۇشلەرنى قاتتىق تەنقىت قىلىپ، تىلنىڭ تازىلىقى توغرىلىق كوپلىگەن ماقالىلارنى يازدى.

مۇختار ئەۋېزوۋ ئوز ئەسەرلىرىدە كونا تارىخىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىشكە زور ئەھمىيەت بەرگەن. سەۋەۋى ھەر قانداق مىللەت ئوزىنىڭ تارىخنامىسىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىنى بۇگۇنكى كۇنىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇرۇپ ساقلاپ قالالىشى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. مەسلىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئالاھىدە كوڭۇل بولگەن ئەدىب تارىخ سەھىپىلىرىگە كوز سېلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا دۇنيا يۇزلۇك مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتقان شەرىق خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ئېكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تەكىتلىگەن. شۇ قاتاردا قازاق خەلقىمۇ قەدىمى زامانلاردىن بېرى يارىتىپ كېلىۋاتقان باي ئەدەبىي مىراسىنى بۇگۇنكى كۇنىنىڭ ئەدەبىياتى - سەنئىتى، مەدەنىيىتى ۋە ئىلغار تەپەككۇر دائىرىسى بىلەن باغلاشتۇرغاندىلا مەدەنىيەت دۇنياسىدا ئوزىنىڭ ئىز تامغىسىنى قالدۇرىدىغانلىقى چوقۇم.

مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ مائارىپ، پېداگوگىكا ساھاسىدىكى ماقالىلىرىدىكى ياش ئەۋلادنى ئىنسانىي ۋە مىللىي روھتا تەربىيەلەش توغرىسىدىكى پىكىرلىرى كىشىلەردە چوڭقۇر ئوي - پىكىر ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ھەقىقىي كويچىسى ئىدى. بۇگۇنكى كۇندە ئىستىقلالىيەت، مۇستەقىللىق بايرىقىنى ئېگىز كوتىرىپ 21 - ئەسىرگە قەدەم تاشلىغان قازاق خەلقىنىڭ ئوسۇش، يۇكسىلىش پەللىرىگە دادىل كوتىرىلىشىدە ئۇلۇغ يازغۇچى ئەۋېزوۋنىڭ خىزمىتى بىباھادۇر. شۇڭلاشقا خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان م. ئەۋېزوۋنىڭ دۇنيا مىقياسىدا نىشانلىنىۋاتقان 100 يىللىق تەۋەللۇدى ئۇ بىر شەخسنىڭلا مەرىكىسى ئەمەس، ئومۇمى قازاق خەلقىنىڭ، شۇنداقلا قازاقستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ مەرىكىسى ئېكەنلىكى شۇبھىسىز.

ئىلاخۇن ھوشۇر.
شائىر، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

مەشھۇر يازغۇچىغا بېغىشلاندى

يېقىندا قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى قازاق خەلقىنىڭ كلاسسىك يازغۇچىسى، مەشھۇر ئالىم، جەمىيەت ئەربابى مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ تۇغۇلغىنىغا 100 يىل تولۇشىغا بېغىشلانغان خاتىرىلەش ژىغىنىنى ئوتكۇزدى. خاتىرە ژىغىنىنى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ ئىككىنچى كاتىۋى تېمىرخان مېدېتبېكوۋ ئېچىپ، مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ تەۋەللۇدىنى دۇنيانىڭ ھەممە ئەللىرىدە يۇنېسكو دائىرىسىدە كەڭ رەۋىشتە نىشانلاۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. ژىغىننى توپلانغان ئۇيغۇر يازغۇچىسى مەسىمجان زۇلپىقاروۋ ئېلىپ باردى.

مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىلىق قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېاتى، شائىر دولقۇن ياسىنوۋ دوكلاد قىلدى.

ژىغىندا ئاتاقلىق ئاقساقال يازغۇچى زىيا سەمەدىي، جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمىيىتىنىڭ رەئىسى رابىك ئىسمايىلوۋ، شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى رەخمىجان قاسىموۋ، يازغۇچى، شائىرلار يۇسۇپ ئىلىياس، پاتىكۇل سابىتوۋا، خۇرشىدە ئىلاخۇنوۋا، ئىلاخۇن ھوشۇروۋ، تۇرسۇن ۋە ئەمگەك ۋېتېرانلىرى كېۋىر ھېزىموۋ، نۇرالىم روزىيېۋ ۋە باشقىلار ئوز سوزلىرىدە ئۇلۇق يازغۇچى توغرىلىق ئوز تەسىراتلىرىنى، ئەستە قالغان يادنامە، دىل سوزلىرىنى ئېيتتى.

ژىغىندا سوزلىگۇچىلەرنىڭ كوپچىلىكى مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ - مەشھۇر يازغۇچىنىڭ تالانتى ئالدىدا چوڭ ھورمەت بىلدۇرۇشكە كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەشتى.

(ئوز مۇخبىرىمىز).

مۇختار ئەۋېزوۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئاكادېمىيەلىك نەشرى

خەلقىنىڭ ئەدەبىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئوچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەشھۇر يازغۇچى مۇختار ئەۋېزوۋ تەۋەللۇدىنىڭ 100 يىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسىنى تولۇپ ئاكادېمىيەلىك نەشردىن چىقىرىش ھەققىدە قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييۋ «مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمىنى 50 توملۇق تولۇق نەشرى بىلەن چىقىرىش كوزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ مەدەنىي، روھى ھاياتىمىزدىكى ناھايىتى چوڭ ھادىسە بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ئىدى. ئەينە شۇ پىكىرنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ئىپادىسى رەتىدە يېقىندا «غىلىم» نەشرىياتىدىن ئۇنىڭ بىرىنچى توپلىمى نەشر قىلىندى. ناھايىتى ياخشى بېزەندۇرۇلۇپ، سۇپەتلىك قەغەزگە بېسىلغان بۇ كىتاپ 50 توم نەشر قىلىنىدىغان مۇختار ئەۋېزوۋ ئەسەرلىرىنىڭ دەسلەپكى قالغىچى بولۇپ كىتاپ مۇخلىسلىرىنىڭ تەكچىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

50 توملۇق ئەسەرلەر توپلىمىغا يازغۇچىنىڭ 1917 - يىلدىن باشلاپ 1961 - يىلغىچە ئارىلىقتا يازغان پۇبلىستىكىلىق ماقالىلىرى، ئىلمىي تەتقىقاتلىرى، ئىلگىرى بېسىلغان ياكى بېسىلماي قالغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى، تەرجىمىلىرى كىرگۇزۇلمەكچى. بۇ ئاكادېمىيەلىك توپلام يازغۇچى، ئالىمنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك قابىلىيىتىنى، ئىجادىي مىراسىنى ئاماليان قىلىدىغان بولىدۇ.

ژىللار ۋە ئادەملەر

ئۆتتۈلمىسا ياخشى بولاتتى...

قىسقىسى زامان كەلدى. كوپ نەرسىلەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ. بىر ھەيران قالىدىغان نەرسە — بىز ئۇلارغا ئاسانلا ئۆگىنىپ كېتىۋاتىمىز. ئەندى يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بەزىلىرى بولسا، گويا ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشى تەبىئىي ھال دەپ قوبۇل قىلىۋاتىمىز. تېخى يېقىنقى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ۋېتېرانلارغا بولغان مۇناسىۋىتىمىز باشقىچە ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا ۋە ئەمگەك مەيدانىدا كورسەتكەن قەھرىمانلىقلىرىنى مۇناسىپ باھالاپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ھورمەت- ئېھتىرام بىلدۈرەتتۇق. ئۇلار بىلەن يات - يات ئۇچرىشىشلارنى ئوتكۈزۈپ، ئەمگەك تەجرىبىسىنى ئۆگىنەتتۇق. قىسقىسى، ئۇلار بىزنىڭ دىققەت نەزىرىمىزدىن چەتتە قالماتتى.

ئۆزەر ئاكا ئۆسەنوۋ بۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ يەتمىش ياشلىق تەۋەللۇدىنى نىشانلىماقتا. ئىلگىركى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئۆيىدىن گېزىت ۋە تېلېۋىدېنىيە خادىملىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولسا، ئاخىرقى ئون ژىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ بىرەسىنىڭمۇ بۇ تەرەپلەرگە يولى چۈشمىگەن. ئاخىرقى ئون ژىل ئىچىدە دېگىنىمىزنىڭ سەۋەۋى، 1987 ـ ژىلى «ماياك» سوۋخوزى ئۆزىنىڭ داڭلىق ئادىمى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئۆزەر ئۆسەنوۋنىڭ 60 ژىللىقىنى نىشانلىغان ئىدى. تەنتەنە ناھىيە دەرىجىسىدە ئوتتى، ئۇنىڭغا ژىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار، ۋىلايەت رەھبەرلىرى قاتنىشىپ، يۇبىليار ھەققىدە ئىللىق سوزلەر ئېيتىلغان ئىدى. لېكىن تەنتەنىدىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

ئۆزەر ئوخشاش يۇرت شوھرىتىنى چىقارغان كىشىلەر توغرىسىدا يازغاندا، ئادەتتە، ئۇ كورسەتكۈچلەرگە يېتىش ئۈچۈن تاماكا ئوستۈرۈش ساھاسىدىكى ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگەندى، باش ئاگرونومنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالدى. دېگەن سوزلەرنى كەلتۈرىدۇ. ئاما ئۆزەر ئاكىدا بۇلارنىڭ ھېچ قايسى بولمىغان دېسەم بولىدۇ. ئۇ ھەتتا ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بىلىمگىمۇ ئىگە بولالمىغان ئىدى. ئۇ مالۋايدا يەتتە ژىللىق مەكتەپنى تامام قىلىپ، چېلەكتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەككىزىنچى سىنىپىغا بىر يېرىم ئايلا بارالىغان. ئۇرۇش ژىللىرى ئېتىزدا ئىشلەشتىن باشقا ئامال قالمىغان ئىدى.

ئۇ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارغا باشقىلارنىڭ تەسىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەمگىكى، ئۆز ئىزدىنىشى، ئۆز تەجرىبىسى بىلەن يەتكەن. 1942 ـ ژىلىدىن باشلاپ 1964 ـ ژىلغىچە ئۇ تاماكا ئوستۈرۈش برىگادىلىرىدا ئىشلەپ بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ ژىگىرمە ئىككى ژىل جەريانىدا يەرگە قانداق ئىشلىگەندە ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل يېتىشتۈرۈشكە بولىدىغانلىغى توغرىلىق كىتاپلاردا يېزىلغاندەك ئەمەس ياخشى ئۆگىنىۋالدى. برىگادىر بولۇشى بىلەن ئىش [illegible]

ھازىر ئىلگىرىكى «ماياك» سوۋخوزىنىڭ ئورنىدا قۇرۇلغان كوئوپېراتىپ ئاران 130 گېكتار مەيدانىدا تاماكا ئوستۈرمەكتە. ئۆز ۋاقتىدا پەقەت ئۆزەر ئاكىنىڭ برىگادىسىلا 200 گېكتار مەيدانىدا تاماكا ئوستۈرەتتى. ئىلگىرى [illegible] 70تىن ئوشۇق [illegible] 220- 230 تونىنا تاماكا يېپۇرمىقىنى تاپشۇراتتى. [illegible]

بىر ھەيران قالىدىغان نەرسە — ئۆزەر ئاكا [illegible] كېتىدىغان مالۋاي يېرىدە ئىشلەتتى. ئاما برىگادىلار قانچە تىرىشقىنى بىلەن ھەر گېكتاردىن 10 ـ 15 سېنتنېردىن ئوشۇق تاماكا يېپۇرمىقى ئالالماتتى. ئۆسەنوۋنىڭ برىگادىسىدا بولسا، گېكتار ھوسۇلدارلىقى 18 ـ 20 سېنتنېردىن كام بولماتتى. ناھىيە ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىكى ئۇنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سېمىنارلار ئوتكۈزەتتى. [illegible]

سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى نامىنى [illegible]

[illegible] كىم بىلىدۇ، مۇمكىن ئۆزەر ئاكا توغرا ئويلايدىغاندۇ، مۇمكىن، مۇمكىن...

رابىك ئىسمايىلوۋ.

ژىللار ۋە تەغدىرلەر

ھايات داۋانلىرىدا تاۋلانغان

— ھايات دېگەن نېمە؟ دەپ سورىسا، بىر دانا: «قايغۇ بىلەن خوشاللىق، ئاچچىق بىلەن تاتلىق، ئېغىر بىلەن يېنىكلىك!» دەپ جاۋاپ بېرىپتىكەن.

مەن ئالدىمدا ژىپقا ئۆتكۈزگەندەك تىزغاندەك ئېيتىۋاتقان سوزلىرى بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغانگە ئوخشاش ئۇرغۇن كادىرلارنىڭ كىرەكتىن چىققانلىغىنى ئۆز كوزى بىلەن كورۈپ ئېيتقانتى «ئىست، خىتايلاردىن ياخشىلىق كۆتۈپ، ئالدىنىپ ژۈرگەن بىزمۇ ئاخماق!» دەتتى ئىچىدە بەزى كۈنلىرى ئويغا چوكۈپ ئۇ. ئەسلى، ئەسلى يات كەلگۈندىلەرنىڭ يۇرت

— بىر ئاللانىڭ بەرگەن شۇ كۈنلىرىگە مىڭ قەتلە شۈكرى قىلىپ ياشايمەن، بىراق ژۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئانا ۋەتەن جۇدالىغى بىلەن ئېچىشىدۇ، قاچانمۇ ئۇنىڭ دىدارىنى ئەركىنلىكتە، ئازاتلىقتا كورە كىشى دېگەن ئارزۇ - ئارمان بىلەن ئۇن يېرىملاردا ئوخشىنىپ كېتىمەن. —

سوھبەتدىشىمنى تىڭشاپ، «ھاياتتا ئەر بېشىغا چۈشمەيدىغان كۈن يوق، دېگەن تەمسىلنىڭ مەناسىغا ئېخىمۇ چوڭقۇر چوكۈپ ئولتىرىمەن. ئۆيىشىدىن ئۆتكەن - كەچكەننى سوزلەپ بەرمەكتە. ھاياتتا ھەممىدىن ئېغىر ئوز يۇرتۇڭدىن ئايرىلىش ئىكەن! - دەپ ئۇ ئۇلۇق - كىچىك تىنماقتا. ئۇنىڭ ئارتماقتا ئىدى.

— ئانا ۋەتىنىمىزنى باسقۇنچى خىتايلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنىڭ قۇربانى بولىۋىق، ئوزى تىرىك، لېكىن ژۈرىكى - باغرى ئولگەن ساتقۇنلارنىڭمۇ خورلۇغىنى كوپ كورددۇق ئوكا، - دەپ سوزىنى داۋام قىلدى ئابلىز ئاكا — جېنىمدىن جاق ئويغۇزغىنى، خورلاشلىرى كوشتىن ئوتۇپ ئۇستىخانغا يەتكىنى ئەشۇ ستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتى - ئوڭچى سىللەتچىلىككە قارشى كورۈش ھەرىكىتى بولىۋى. 1958 - ژىلى شۇ ئار پارتكومىنىڭ كېكەيتىلگەن ژىغىنىدىن كېيىن شەھەر بويىچە مەسئۇل كادىرلار ئورۇمچى شەھەرلىك خەلق ھوكۈمىتىنىڭ بىناسىدا ئۆكتىنىش ئېلىپ بارغانلار ئارىسىدا مەن بار ئىدىم. ئۆكتىنىش بولغان ئىككى ئۈچ ئاي جەريانىدا ھەق نېمە، ناھەق نېمە، مەردانلىك - مەردانلىق ۋە پالا - تۆھمەت نېمە، پاك نىيەتلەر كىم، قارا يۈزلەر كىم - ھەممىنى كوردۇم.

ئابلىز ئاكا ئەينە شۇ ھەرىكەتلەر تۈپەيلى ئەسىلىنىپ كورمىگىنى كوپ، يېمىگىنى چۈپ بولۇپ، ھاياتنىڭ ئەڭ ئاچچىق، ئەڭ قاتتىق دەقىقىلىرىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ قاتناشمىغان چۈشۈن، چۈمۈلە، قوشقاچ ئولتۈرۈش ھەرىكەتلىرى قالمىدى، سانجىدا 100 مو يەرنى قول كۈچى بىلەن ئېچىش، كۈچۈك - مورى ئېلىشىلىرىدە ئايلاپ مۇكچىيىپ ئورما ئورۇش - يېرىم ئاچ يېرىم توق ئورما تاماققا كولەك، پوچاق ئۆتىدىن باشقىنى يېمەسلىك بىلەن ئۆزى-مەس- ئۈگمەس ھىلە - نەيرەڭلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىش خوۋۇپىگە كوزى يەتكەن ئابلىز ئاكا بۇ قىلتاقتىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئارقىسىغا كىردى.

ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ كېڭەش پۇخراسى ئىكەنلىگىنى، شۇ ئەلگە چىقىپ كېتىش سەۋەۋىنى ئېيتىپ، 1960 - ژىلى غۇلجىغا قەيەردىن ئۆتۈلگان قۇشتەك يېنىپ كەلدى. تەغدىر باشقىلار ئوخشاش ئابلىز توختىباقىيېۋنىمۇ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، 1961 — ژىلى ئۇلار ئائىلىسى بىلەن قازاقستان تەۋەسىگە كوچۈپ چىقتى.

ئەسلى دېخان ئاتا - بوۋىسىدىن مەدەت ئالغان ئابلىز ئاكا قىران ياشلىغىنىڭ بىر ئەچچە ژىلنى چېلەك تاماكا سوۋخوزىدا دېخانچىلىقتا ئىشلەپ، تەر توكۈپ ئوتكۈزدى.

كېيىنى - كۈندۈزگە، تۈننى - تاڭغا ئۇلاپ قانچە - قانچە ژىللار بۇ ئاتا يۇرتىدا ئەمگەك قىلدى. ئېگىلىك باشچىلىرى بۇ ئىشچان ژىگىتنى ژۇقۇرى ئەمگەك ھەققى ۋە ھورمەت يارلىقلىرى، مېداللار بىلەن سوغاتلاپ تۇردى. ژىلدىن - ژىلغا تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ئىچىدە ھورمەتكە ئىگە بولدى. 1974 ـ ژىلى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ كورنىي - كىگانت مەھەللىسىگە كوچۈپ كەلگەن ئابلىز ئاكا، دەسلەپ سودا - سېتىق ئىشىدا ئىشلەپ، ئاندىن كېيىن قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باسماخانىسىدا يەتتە ژىل ئىشلەش جەريانىدا كوپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى لايىق باھالىنىپ، گېزىتتە ۋە تېلېۋىدېنىيەدە يورۇتۇلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئومرىنىڭ ئاتمىش باھارىنى قارشى ئېلىپ، ھاياتىنىڭ كەشتىنى سۈرۈۋاتقان، پەرزەنت، نەۋرىلىرىنىڭ قىزىغىنى كورۈپ ياشاۋاتقان ئابلىز ئاكا سوھبەت ئارا:

دەيدۇ ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ.

بىر نەسرىنىڭ گۇۋاچىسى، توقسەن ياشتىن ئالقىغان، ئاتىسى نەسەمجاننىڭ دۇئاسىنى ئالغان، ئۈچ پەرزەندىنى ئاتىلىق پەرزىنى ئوتەپ ئوستىرىپ، ئالى بىلىمگە ئىگە قىلغۇزغان غەمگۇزار ئابلىز ئاكا ئومۇر يولداشى رىھانگۈل بىلەن قىرىق ژىل بويى قەدىناس ئويي - ئوتاق بولۇپ كەلمەكتە.

ئابلىز ئاكا توختىباقىيېۋ - يۇرت - جامائەت ئىچىدە ئوزىنىڭ ئىلغار پىكىرلىكلىكى، يۇرت ئىشىغا كويۇنۇشى بىلەن قولىدىن كەلگەن يارىدىمىنى قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى. مەكتەپ، مەسچىت قۇرۇلۇشلىرىغا قىزى بىلەن كوز كە كورۈنگىدەك ياردەم بەردى ۋە باشقىلارغا ئۈلگە كورسىتىپ كەلمەكتە. ئا. توختىباقىيېۋ - ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ ھەقىقىي جان كويەرى ھېساپلىنىدۇ. مۇشتىرى توپلاش ئىشىدا پاشلاردەك غەيرەتلىك بىلەن ياردەملىشىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئابلىز ئاكىغا ئوخشاشلار ئارقىسىدا گېزىتلىرىمىز مۇشتىرى توپلاشتا ئاسقىماي كەلمەكتە.

ھە، ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۇنىڭ كەچمىشى نېمە بولمايدۇ دەيسىز؟ ھايات - ئەرنى ئوزىنىڭ ئىسسىق - سوغى، قاتتىق - يۇمشىغى بىلەن سىنايدىغۇ. شۇ سىناقلاردىن بەرداشلىق، ئىنسانىي خىسلەتلىرى بىلەن ئوتۇپ، كېلەچەككە ئۈمۈت باغلاپ ياشاۋاتقان ئابلىز ئاكا توختىباقىيېۋقا ئۇزاق ئومۇر، خاتىرجەملىك، تەن ساقلىق تىلەيمىز.

مومىنجان ھەمرا
ئالمۇتا شەھىرى.

تەبرىكلەيمىز

ھەممىمىزنىڭ ئىشەنگەن تۈۋرۈكى، مېھرىۋان پەرزەنت، قەدىردان ئاتا ئابلىز توختەباقىيېۋنى 60 ياشقا تولۇشى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

سىز تۇرمۇشىنىڭ ھەر خىل قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ژۈرۈپ، ھايات قايناملىرىدا تاۋلىنىش نەتىجىسىدە جاپا - مەشەقەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، بالىلىق، ئاتىلىق ۋەزىپىڭىزنى شەرەپلىك ئادا قىلدىڭىز. سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز قەلبىگە سىڭدۈرگەن ئادەمگەرچىلىك خىسلەتلىرىڭىز، ئۇلارنى ژۇقۇرى بىلىملىك ياشلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە بەجىرگەن ئەمگەك ئەجرىڭىز يادىمىزدا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. بىزنىڭ تەلىيىمىزگە يارشا ئېنىڭىزغا سالامەتلىك يار بولسۇن.

تەبرىكلىگۈچىلەر: دادىسى نەسەمجان، رەپىقىسى رىھانگۈل. باللىرى: دىلبەر - رەخمەتجان، تاشگۈل، ئابدۇرسۇل - ئادىلەم. نەۋرىلىرى: ئانايەت، ئىنايەت، ئارمان، ئەزىزەم.

ئىنسان ۋە ئىمان

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم بىلەن چىپسىلىغى

ئۆمۈرىدە بىرەر قېتىم مەن كىممەن؟ قانداق ياشىشىم كېرەك؟ يارىتىلىش ۋە ھاياتلىقنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىگە قويۇپ كورمىگەن كىشىلەرنى چىن مەنادىكى ئىنسانىي ھاياتلىق ئىگىلىرى دەپ ئېيتىش قىيىن. ئىمدە كىم ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەي، ئاللانىڭ ھەقلىگىگە شەك كەلتۈرۈپ، ئىماندىن ئايرىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرى بىمەنالىق بىلەن ئاياقلىشىدۇ. ھاياتلىقنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى پەرۋىش قىلىپ تۇرغۇچى پەقەت بىر ئاللادۇر. ئاللانىڭ مەۋجۇتلىغى كائىنات ئۈچۈن تەبىي زورۇرىيەتتۇر.

دىن بىلەن ئىلىمنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچىلار بىر پۈتۈن ھەقىقەتنى كىچىك پارچىلارغا بولۇپ، ھەر بىر پارچىغا ئايرىم - ئايرىم كىيىم كىيگۈزمەكچى بولۇشىدۇ. شۇڭا ئۇلار دىن بىلەن ئىلىمنى باشقا نەرسىلەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئۇلار شۇنى ئەسلىرىگە ئالمايدۇكى، دىنىنىڭ ئوزى ئىلىمدۇر. يەنى دىنىنىڭ جەۋھىرى ئاللانى تونۇشتۇر. ئاللانى بىلىش، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى بىلىشتىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى مەخلۇقاتلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئىلىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەخلۇقاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچىسى ئاللانى تونۇشنىڭ ئوزىمۇ ئىلىم دېمەكلىكتۇر. ئىجاتكارنىڭ ماھىرلىغى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق تونۇلىدۇ. كائىناتتىكى پۈتكۈل جانلىق، جانسىز شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنچىكە نىزام قائىدە - قانۇنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ بارلىغىغا بىرلىككە گۇۋالىق بېرىدۇ. ئاللاغا ئىمانى بولغان ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى كائىناتتىكى ئاللانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئارقىلىق ئۇنى تونالايدۇ. ئامما ئىمانسىز كىشىلەرنىڭ كورۈش دائىرىسى مىكروسكوپ ۋە تېلېسكوپ بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت ماددىغىلا ئىشىنىدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا كوزگە كورۈنمەيدىغان شەيئىلەرنى ئويغاق دىللىرى بىلەن كورەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ بىلمىگەن ئىلىملىرىنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىي قۇۋىتى بىلەن بىلەلەيدۇ.

ئاللانى تونۇش ھەر قانداق ئىلىمنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئىلىم خۇددى بېلىق ئۈچۈن سۇ بولغانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىزگە ئەڭ ئاۋۋال قىلىنغان ۋەھىي «ئوقۇ» بىلەن باشلانغان. ئىلىم ئوقۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھېمىشەم ئوقۇشقا ئۈندەتتى. ھەتتا مۇشرىكلاردىن ئەسىرگە چۈشكەن ساۋاتلىقلىرىنىڭ ھەر بىرى مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلىرىدىن 10 كىشىنىڭ ساۋادىنى چىقارسا، ئۇلارنى ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىش سىياسىتىنى قوللانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئىسلامنىڭ بۇ خىل ئەۋزەللىكلىرىنى ياخشى چۈشەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۈنەر- بىلىمگە ئىنتىلىشى تۈپەيلى ئۆزگە ئىخلىملارغا ئۈلگە بولۇپ ياشىغان. شۇ سەۋەپلىك دۇنيانى سورىغان. مەسىلەن، ئىبنى سىنا تونۇلغان تېۋىپ، شائىر، ئالىم ۋە فىلوسوف ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمام رازى، ئىبنى روشدى، ئىبنى ھەيسەن قاتارلىقلارمۇ دىننى بىر تەرەپكە، ئىلىمنى تەرەپكە ئايرىپ قارىماستىن، ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئەترابلىق يېتىشكەن كىشىلەر بولغان. ھەتتا بۇرۇنقى مۇتەخەسسىسلەر مۇئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈشتە دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شۇ زاماندىكى پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق ھەر ساھا بىلىملىرىنى ئەترابلىق پايدىلانغان. مۇسۇلمان ئەھلى ئارىسىدىن بۇ ساھالاردا تونۇلغان ئالىملار ئاز ئەمەس.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسىنى ژۇقۇرى باھالايدىغانلىغىنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ھەتتا ئاللا ئوزىنىڭ بىرلىگىگە گۇۋالىق بېرىشتە ئوزىنىڭ مۇبارەك ئىسمىغا ئىلىم ئەھلى ۋە پەرىشتەلەرنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاپ كېتىدۇ. «ئاللا ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋالىق بېرىدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇنىڭغا پەرىشتەلەرمۇ ئىلىم ئەھللىرىمۇ شۇنداق گۇۋالىق بېرىدۇ». ئاللايەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىمگە بېرىلگەن كىشىلەرنى بىر قانچە دەرىجە كوتىرىدۇ». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولالامدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئەھلىنىڭ توھپىسىنى مەدھىيلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى شېھىتلارنىڭ ئاللا يولىدا ئاققۇزغان قېنى بىلەن ئالىملارنىڭ كىتاب يېزىپ سەرىپ قىلغان دوۋاتلىرى ئاۋازغا قويۇلىدۇ. ئالىملارنىڭ دوۋاتلىرى شېھىتلارنىڭ قېنىدىن ئېغىر كېلىدۇ».

خرىستىان دىنى بولسا ئوزىنىڭ چەكلىك ئېتىقاتىنىڭ ئاساسەن چىركو راھىپلىرى ۋە ئوزىنىڭ دىنىي ئادەملىرىدىن باشقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ تەلىم ۋارىسچىلىرى ئىلىمدا بىرەر كەشپىيات ياراتقۇچىلارنى تەقىپ قىلىنىش ئاستىغا ئېلىپ كەلگەن. شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى ئىتالىيەلىك ئالىم گالىلى گالىلېۋ يەر شارىنىڭ دۈگلەك شەكىلدە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغىنىدا، ئۇنىڭغا ئولۇم جازاسى ئېلان قىلغانلىغى شۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

مەھەممەت يۇسۇپ.
ئىشكتە شەھىرى.

خارجى ئەللەردىن مەكتۇپلەر

شەرقىي تۈركىستاندىكى

شەرقىي تۈركىستان تۈنۈگۈن 1996 - يىلىنىڭ باھارى خاسىيەتلىك باھار بولۇپ باشلاندى. قەدىمدىن تۈرك خەلقلىرىگە ئالتۇن بوشۇك بولۇپ كەلگەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلۇمىغا قارشى خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى باشلاندى.

بۇ ھەقتە دۇنيا، بولۇپمۇ ئاۋستىرالىيە مەتبۇئاتى بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى بەردى. ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھىرىدە چىقىدىغان «بىرلەشكەن خىتاي ۋاقتى گېزىتى»نىڭ 1996 - يىل 20 - ئىيۇندىكى سانىنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلغان «شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) دا چوڭ قوزغىلاڭ يۈز بەردى» دېگەن ماقالىسىدا «ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مايىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) نىڭ 15 ۋىلايەت ۋە ناھىيەلىرىدە ئوخشاش بولمىغان كولەمدىكى 45 قېتىملىق قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، ئۇلارغا 65 مىڭ ئادەم قاتناشقان، مىڭ ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىغان. ھوكۇمەت، ھەربىي ئورگانلار مىللىي بولگۈنچى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان، 12 قاتناش تۈگۈنى ۋەيران قىلىنىپ، 40 تىن ئوشۇق ھوكۇمەت بىنالىرى خارابىگە ئايلاندۇرۇلغان... ھەتتا ئىلى يەرلىك گارنىزوننىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك ۋاڭ يۈڭ ئېغىر يارىدارلىنىپ، ئاخىرى ئۆلگەن... ئىنتايىن قاتتىق ئالاقزادىلىككە چۈشكەن بېجىن ھوكۇمرانلىرى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك قوشۇنلارنى ئاز كورۈپ، ئىچكى ئولكىلەردىن چوڭ كولەمدە جاللات قوشۇنلىرىنى يوتكىگەن ....» دەپ يازدى. يەنە بۇ گېزىت «بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭ كولىمىنىڭ چوڭلىقى، ئەلپازىنىڭ شىددەتلىكى،ھەيۋىتىنىڭ زورلىقى بىلەن مەملىكەت قۇرۇلغاندىن بېرى ئاز كورۈلگەن» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى.

دۇنيادىكى مۇلاھىزىچىلەر ھەم مۇستەقىل مەنبەلەرنىڭ كورسىتىشىچە، ئوتكەن يىلى ش ئۇ ئا ر دا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كوپچىلىكى زىيالىلار بىلەن ياشلاردۇر. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، يوشۇرۇن سۈيىقەست بىلەن ئولتۈرۈلگەن ھەم ئىزسىز يوقىلىۋاتقانلارنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس. ئىنسان ھوقۇقىنى داۋاملىق دەپسەندە قىلىۋاتقان خىتاي باسقۇنچىلىرى ئادەتتە ئوزلىرىنىڭ جىنائىي قىلمىشلىرىنى دۇنيا ئەيكار ئاممىسىدىن داۋاملىق يوشۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ «قاتتىق زەربە بېرىش» نامى ئاستىدا ۋۇرگوزۇلۇۋاتقان جىنائىي قىلمىشلىرىنى دۇنياغا ئالاھىدە ماختىنىپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە روشەنكى، بېجىننىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ كوپلەپ قولغا ئېلىشى، تېخىمۇ ئۇرغۇن قان توكۈلۈشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. دېمەك، دۇنيا ئەزەلدىن چەتتە قالغان، چوڭ دولەتلەر مەنپىيەت كۈرىشىنىڭ قۇربانى بولغان ئۇيغۇر خەلقى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ھايات - مامات گىرداۋىدا ئىڭرىلىۋاتىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ ئىككى ئاسىنىدا قان - ياش دەرياسى دەرغەزەپتە ئېقىۋاتىدۇ. لېكىن دۇنيا بۇ ئاھۇ - زارلارغا قۇلاق سالغىنى يوق!..

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى ئىشغالىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار دىيارى زادى قانداق يەر؟ ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ نېمە ئۈچۈن بېجىن ھوكۇمىتى يېقىندىن بۇيان ش ئۇ ئار دا ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىملاتسىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا ش ئۇ ئا رغا خوشنا ۋە دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ مۇئەممىسى قانداق؟ بېجىننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى ھەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېلەچىكى زادى قانداق بولىدۇ؟بۇ مەسىلىلەر شەرقىي تۈركىستان، ئۇنىڭ خوشنىلىرى ھەم دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ مەنپىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم مۇئەممالاردۇر.

شەرقىي تۈركىستان ستراتېگىيەلىك جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان،ئۇ «ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يۈرىكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى – ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان بۇ مۇقەددەس زېمىندا بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىيەسى، كوك تۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى، قاراغوجا ئۇيغۇر خاقانلىقى، قاراخانىيلار، سەئىدىيە خانلىقى... قاتارلىق سۇلالىلارنى قۇرغان بولۇپ، ئۇلار 18 – ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھايات كەچۈرگەن.

1759 – يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق مانجۇر – خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى 42 قېتىم قوزغىلاڭ قىلىپ، 1863 – يىلى ئىستىلاچىلارنى ئۆز يېرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، 14 يىل ھوكۇم سۈرگەن ياقۇپبەگ رەھبەرلىكىدىكى مۇستەقىل دولەتنى قۇردى. 1876 – يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق مانجۇر – خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن 1884– يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامى قانۇنسىز ھالدا «شىنجاڭ» (يېڭى يەر) گە ئۆزگەرتىلدى.

1933 – 1934 – يىللىرى ھەم 1944– 1949 – يىللىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرغان ئىدى. لېكىن يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەن بۇ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دولەتلەر مەنپىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ، 1949 – يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ماۋچى كوممۇنىستلار ئۆز قولىغا كىرگۈزىۋالدى. كوممۇنىست خىتاي ئارمىيەسىنى باشلاپ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن جاللات گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ 1952 – يىلى غۇلجىدىكى ۋاڭ قادىر بېغىدا سوزلىگەن «جىغانجۇن شەرقىي تۈركىستانغا ياردەملىشىشكە كەلدى، ئۈچ يىلدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن سوزىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان شاھىدىمىز تېخى ھايات.

خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلار دىيارىغا ئاياق باسقان بىرىنچى كۈندىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، ئۇلارنى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ «بولۇپ تاشلاپ، ئىدارە قىل» دېگەن سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى ھەقىقىي خىتاي زېمىنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىملاتسىيە سىياسىتىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ياۋۇزلۇق بىلەن قوللىنىۋاتىدۇ.

1949 – يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 9 مىللىون بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر 95 پىروتسېنتنى تەشكىل قىلاتتى. بۈگۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باسقۇنچىلىق ۋە كوچمەن يوتكەش سىياسىتى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئازچىلىققا ئايلىنىپ، يوقىلىشقا يۈز تۇتتى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۇغۇتنى مەجبۇرىي چەكلەش سىياسىتى بېجىن ھوكۇمىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەم ئاسسىملاتسىيە سىياسىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەخسىتى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 90 پىروتسېنتىنى تۇغماس قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسىنى 5 مىللىون ئەتراپىدا نازارەت قىلىش، ئاستا - ئاستا يەرلىك مۇسۇلمانلارنى خىتاي كوچمەنلىرىنىڭ توپان بالاسىدا غەرىق قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت. شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇتنى چەكلەش قاتىللىق سىياسىتى نەتىجىسىدە 2020000 بوۋاقنىڭ ھاياتى قىيىلغان، ئون مىڭلىغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللا-رىمىز ناكا بولۇپ، جەددىي كېسەللەر بىلەن ھالاك بولغان.

1949 – يىلدىن 1972 – يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى 58 قېتىملىق قوزغىلاڭلار بولۇپ، ئۇلاردا بىر مىللىونغا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق جازالاندى، يەنە بىر مىللىون شەرقىي تۈركىستانلىق تۈگمەيدىغان تەقىپلەشلەردىن چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

1990 – يىلى 5 – ئاپرېلدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى بارىن يېزىسىدا قوراللىق قوزغىلاڭ يۈز بەردى. قانخور بېجىن ھوكۇمىتى بۇ يەرگە بىردىن 200 مىڭ جاللات قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، 3000 گۇناسىز پۇخرانى قىرىپ تاشلىدى. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، بۇ يەردە بۆشۈكتە ياتقان بىر بوۋاقنىڭ 28 يېرىگە ئوق تەككەن...

ھازىرقى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان بويىچە خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ 92 دىن كوپ چوڭ ئەمگەك لاگېرلىرى بىلەن تۈرمىلىرى بار. ئۇلاردا 250 مىڭدىن كوپرەك سىياسىي مەھبۇسلار خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك شارائىتىدا ئازاپ چەكمەكتە.

شەرقىي تۈركىستان يېرى كەڭ، يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقى مول مەملىكەت. ئۇنىڭدا 32 تىرىللىون توننا تەبىي گاز، 12 تىرىللىون توننا ئۇران، 60 مىللىارد توننىدىن كوپ نېفت، 6 مىللىون 300 مىڭ سەردىن ئوشۇق ئالتۇن، 1 تىرىللىون 992 مىللىارد 878 توننا كومۇر بار. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ھازىرغىچە 72 تىرىللىون 715 مىللىونغا يېقىن ئامېرىكا دوللارلىق تەبىي بايلىقلارنى تالان – تاراج قىلىپ توگەتتى. لېكىن ئەشۇنداق بايلىقلارنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ 80 پىروتسېنتى نامراتلىقنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى جان بېشىغا چاققاندا ئاران 50 ئامېرىكا دوللىرىغا توغرا كېلىدۇ...

كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ھايات تۇرۇشىدا ئاساسىي روھىي كۈچ، مەنىۋى ئوزۇق بولغان ئىسلام دىنىمىزغىمۇ رەھىمسىزلەرچە ھوجۇم باشلىدى. ئۇلار يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا مەسچىتلەرنى تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ۋاقىپلاردىن مەھرۇم قىلدى، ئۇلۇغ قۇرئانىمىزغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ، مۇسادىرە قىلدى ۋە كويدۇردى. شەرقىي تۈركىستان بويىچە 29 مىڭدىن كوپرەك مەسچىت جامەلىرىمىز قەدەممۇ – قەدەم يېپىپ تاشلاندى، 10 مىڭدىن كوپرەك دىنىي مەكتەپلىرىمىز تاقالدى. يېپىلغان مەسچىت،مەكتەپلەرنى ھەربىي كازارمىلار، ئامبار، مال قوراللىرى، ھەتتا چوشقا ئېغىللىرىغا ئايلاندۇردى. 54 مىڭدىن ئوشۇق ئولىما، ئىمام، ئالىملىرىمىزنى تۈرمىلەرگە تاشلىدى،قىيناپ جازالىدى ۋە ئولتەردى. بۇ قاتىللىقلار ھازىرمۇ داۋام قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ يالغۇز زۇلۇم ئوچىقى بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن ئاتوم قۇراللىنى سىناق قىلىش مەيدانىدۇر. لوبنۇردا ئاتوم قۇراللىنى سىناق قىلىش باشلانغان 32 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ زەھىرىدىن 250 مىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئون مىڭلىغان يەرلىك خەلق ئاتوم رادىئاكتىپ نۇرلىرىدىن زەھەرلىنىپ، كوز كورمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان كېسەللەر بىلەن ئاغرىماقتا ۋە ھالاك بولماقتا. ئوپكە، جىگەر، قان، تېرە راكلىرى بىلەن ئولۇۋاتقانلار ۋە باللارنىڭ غەيرى ناكا بولۇپ تۇغۇلۇشى بارغانسىرى كوپەيمەكتە. ئۇيغۇرلار دىيارىدا سۇ، ھاۋا، يەر، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، مۇھىت قورقۇنۇشلۇق ھالدا بۇلغانغان. لوبنۇر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 400 دىن ئوشۇق كول ۋە تارماق ئېقىملار مۇھىتنىڭ دەھشەتلىك بۇلغىنىشىدىن قۇم بارخانلىرى تولغان دەشتى چوللەرگە ئايلانماقتا. ئادەملەر تازا سۇ ئىزدەپ چوڭقۇر قۇدۇقلارنى قېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

پۈتۈن دۇنياغا ھوكۇمران بولۇش نىيىتىدە غالجىرلىق بىلەن قوراللىنىۋاتقان خىتاي ئىمپېرىيەسى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئاتوم سىناقلىرىنى تەكلىماكاندا ئوتكۈزۈشكە ياردەم بېرىپ، ئاخچا ئۈچۈن باشقا مەملىكەتلەرنىڭ ئاتوم چىقىندىلىرىنى بۇ يەرگە توكتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئاتوم ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندۇرماقتا.

ئوتكەن يىلى ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ پۈتكۈل خىتاي بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى جەمىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش نامى بىلەن ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلغۇچىلارغا زەربە بېرىش شارى ئاستىدا ۋۇرگوزۇلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلىي نەتىجىسى ئىمانلىق، ۋىجدانلىق، مىللىي غۇرۇرى ئۈستۈن، خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىز جازالاش بولدى. موشۇ ھەرىكەت داۋامىدا مىڭلىغان دىنىي زاتلار، ئىدرەكلىك ياشلار، زىيالىلار قولغا ئېلىنىپ، ھەر خىل بەدناملار بىلەن قەتل قىلىندى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

ئىچكى ئولكىلەردىن ھەر يىلى شەرقىي تۈركىستانغا چىقىۋاتقان مىللىونلىغان خىتاي كوچمەنلىرى ئارىسىدا خىتاي تۈرمىلىرى بىلەن لاگېرلىرىدا ياتقان مىڭلىغان جىنايەتچىلەر، خەيلۇيىن بېدىكلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئەپيۇن،خەيلۇيىن بىلەن زەھەرلىدى. ھەتتا بەزى مۇسۇلمان ئاشخانىلىرىدا، ئوزۇق - تۈلۈك زاۋۇدلىرىدا ئاتائامنى مېزىلىك قىلىمىز دەپ، ئۇنىڭغا خەيلۇيىن سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ،مۇسۇلمانلارنى زەھەرلەۋاتقانلارمۇ يەنە شۇ ئىرقچى خىتاي باسقۇنچىلىرىدۇر. بۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللەتنى مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇلغاش سىياسىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەن غۇلجا شەھىرى ياشلىرىنىڭ 1995 – يىلى مەشرەپ نامى بىلەن باشلىنىپ پۈتكۈل ئىلى ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرلەرگە تارالغان ئۇلۇغ مەدەنىيەت ھەرىكىتى بېجىن ھوكۇمىتى تەرىپىدىن ۋەھشىلىك بىلەن قارىلاندى. «خەيلۇيىن چەكمەيلى، ھاراق ئىچمەيلى، ئاللاھ بەرگەن دىنىمىز ئىسلام يولىدا ماڭايلى!» دېگەنلىكى ئۈچۈن مەشرەپلەر، مەسچىتلەر پائالىيىتى چەكلىنىپ، مىڭلىغان ياشلىرىمىز تۈرمىلەرگە تاشلاندى، سۈيىقەست بىلەن ئولتۈرۈلدى. «ئۇلار گۇناسىز!» دەپ مىڭدىن ئوشۇق ياش توپلىنىپ، غۇلجىدىكى شەھەرلىك ھوكۇمەت ئالدىغا نامايىش بىلەن بارغاندا پۈتۈن شەھەر ۋە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، يۈزلىگەن ياشلار ۋەھشىلىك بىلەن قىرىپ تاشلاندى. ۋىلايەت بويىچە بۇنىڭغا نارازى بولغان ئون مىڭلىغان خەلقنىڭ دېموكراتىك ھەرىكىتى قانلىق باستۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەتلەر ۋە قاتىللىقلار مۇستەملىكىچى خىتاي جاللاتلىرىنىڭ بىزنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

50 – 52 – يىللاردىكى «ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتىدە پان ئىسلامىزم، پان تۈركىزىمگە قارشى تۇرۇش» شارى بىلەن ئون مىڭلىغان ساپ ۋىجدانلىق ۋەتەنداشلىرىمىز قىرىلغان ئىدى. 1952 – يىلىنىڭ ئوزىدىلا مۇرتەد بۇرھان شەھىدىي 120 مىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ باستۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

60 – يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ 70 – يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەركىزىي ھوكۇمەت «شىنجاڭغا ئاساسىي خوۋۇپ سوۋېت شىۋجىڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ» دەپ يەنە مىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنى ئولتەردى ۋە زىندانلارغا تاشلىدى، ئون مىڭلىغان ۋەتەنداشلىرىمىز چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

80 – يىللاردىن باشلاپ «شىنجاڭغا ئاساسىي خوۋۇپ تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرىدىن كېلىدۇ» دەپ،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېرىنداش مەملىكەتلەر بىلەن بولغان تارىخىي، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە چوڭ زىيان يەتكۈزدى. ئەندى،90 – يىللاردىن باشلاپ «شىنجاڭغا ئاساسىي خوۋۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى، تۈركىيە ھەم يەرلىك مىللىي بولگۈنچىلەردىن، دىنىي ئەكسىيەتچىلەردىن كېلىدۇ» دەپ ۋايسىماقتا.

ھەقىقەتەن ئەھۋال بېجىن ھوكۇمىتى دېگەندەكمۇ؟» ياق، ئۇنداق ئەمەس! بۇ سوئالغا سىدنېيدا چىقىدىغان خىتايچە گېزىتنىڭ 1996 – يىل 11 – ئىيۇل سانىدىكى ۋاڭ خەي تاۋنىڭ «شىنجاڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەنبەسى» دېگەن ماقالىسىدىن مونۇ ئۈزۈندە بىلەن جاۋاپ بەرسەك كۇپايە. ئۇنىڭدا: «...كوممۇنىستلار تەختكە چىققاندىن بېرى بىر يۈرۈش سىياسەتتە چوڭ خاتالىقلار ئوتكۈزدى. مەسىلەن، قاتتىق قوللۇق دىكتاتۇرا تۈزۈمى، ئاۋتونوم رايوننىڭ ئىشلىرىغا دەخلى – تەرۇز يەتكۈزۈپ، ئۇنى مونوپول قىلىش، شىنجاڭغا كوپ مىقداردا كوچمەنلەرنى يوتكەش، شىنجاڭنىڭ ئىرقىي تۈزۈلۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش، شىنجاڭدا ئاتوم سىنىقىنى ئوتكۈزۈپ، ئۇنىڭ مۇھىت تەڭپۇڭلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، شەرقىي جەنۇبقا ئەھمىيەت بېرىپ، غەربىي رايونلارغا كوڭۈل بولمەسلىك تۈپەيلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئارقىدا قېلىشى ھەم ئۇنىڭ بايلىقىنى تالان – تاراج قىلىش يەرلىك خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشى نىيەتلىرىنىڭ ئەمەللىشىنى تېزلەشتۈردى» دەپ يازدى.

لېكىن خىتاي كوممۇنىستلىرى ئەركىنلىك، ئىنسان ھوقۇقى،دېموكراتىيە ئۈچۈن قوزغالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنى بىر ئوچۇم قاتىللار، مىللىي بولگۈنچى – تېررورىستلار، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ جىنائىي ھەرىكىتى دەپ، ئىنقىلاپنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆز خەلقى ۋە دۇنيا ئەيكار ئاممىسىدىن يوشۇرماقتا.

كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى-

ۋەزىيەتكە بىر نەزەر

نىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى ئىشغالىيىتىگە قارشى بۇ قېتىمقى ئازاتلىق ھەرىكىتى 20- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ ئۇلۇغ باشلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، بىرلا ۋاقىتتا پارتىلاپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا بەرگەن تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىنقىلاپ بېجىڭنىڭ: «سوتسىيالىزم شىنجاڭغا بەخت ئېلىپ كەلدى، شىنجاڭ خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى خالايدۇ، مىللىيلار خىتايلارسىز ياشالمايدۇ...» دېگەن يالغان، نەيرەڭلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن: «بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك، خىتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن!» دېگەن يەكدىل، ھەقىقىي ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن دۇنياغا جاكالىدى.

ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار، ھەتتا ھاشارەتلەرمۇ ئۆز موجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاشقى كۈچلەرنىڭ ھوجۇمىغا قارشى تۇغما ئىنستىنكت - قابىلىيەتكە ئىگە. بىز ئىنسانغۇ؟ ئۇيغۇر خەلقى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ چەكتىن ئاشقان زۇلۇمىغا باش ئېگىپ ژۈرۈۋەرسە بولامدۇ؟ ياق، بولمايدۇ! بۇنداق بولۇشىنى ئاللامۇ راۋا كورمەيدۇ. پىچاق سۆيەككە يەتتى...

80- ژىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 90- ژىللارنىڭ بېشىدا غەربىي ياۋروپادا بېرلىن تېمى ئۆرۈلۈپ، سوغ مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، كېڭەش ئىتتىپاقى بەربات بولدى. نەتىجىدە كېڭەش ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئىگە بولدى. بۇنى كورگەن كوپلىگەن كىشىلەر بۇ قىسمەت پات يېقىندا خىتاينىڭ بېشىغىمۇ چۈشىدۇ. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتايدىكى دېموكراتىيەنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا باغلىق. كۈتۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. بىزچە بولغاندا، بۇ خاتا كۆز قاراش. خىتاينىڭ تەبىتىنى، ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ ۋەھشىلىكى ۋە ئەپسىنىڭ ياماللىقىنى تارىختىكى ھېچ بىر جاھانگىرغا ئوخشىتىپ بولمايدۇ. ۋەتىنىمىزدە يېرىم ئەسىردىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان ئەمەلىيەتلەر، بولۇپمۇ كېيىنكى ژىللاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جاي - جايلىرىدا خىتاي مۇستەبىتلىرىگە قارشى كوتىرىلگەن كوپلىگەن نامايىش، ھەرىكەت، قوزغىلاڭلارنى ۋەھشىلىك بىلەن باستۇرۇپ قانغا پاتۇرغان، ھەتتا 89- ژىلى 4- ئىيۇندىكى تيەنئەنمېن ۋاقەسىدە ئۆزىنىڭ ئون مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرىنى تانكىلارغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرگەن بېجىڭ جاللاتلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىگە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ، دەپ ئۈمۈت قىلىش ئاسماندىكى غازىنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېيىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بەزىلەر غەرەزلىك ھەم غەرەزسىز ھالدا ھازىرقى خىتاينىڭ ئىختىسادىي تەرەپتىن سۈرئەتلىك ئىلگىرىلەپ، ھەربىي دىكتاتۇرىسىنى كۈچەيتىشىگە قاراپ: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، قوراللىق قارشىلىق تۇرساق، ئۆزىمىز توگەپ كېتىمىز» دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل كۆز قاراش ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا نىسبەتەن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. ھازىر كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، ئېغىر بوھراننى باشتىن كەچۈرمەكتە. پارتىيە، ھوكۈمەت، ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا مەنسەپ، ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالماقتا. دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ژۇقۇرى قاتلاملىرىدىن تارتىپ تۆۋەن قاتلاملىرىغىچە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك توختىتىپ بولماس دەرىجىدە كۈچەيگەن. خىتاي خەلقى ھەم ئۇنىڭ مۇستەملىكىلىرىدىكى مەزلۇم مىللەتلەر خىتاي دېموكراتىيەسىدىن ئۈمۈت ئۈزۈپ، قوراللىق كۈرەشكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولماقتا. بۇ مەسىلە بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيەدە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىۋاتىدۇ.

ئەندى خىتاي ھوكۈمىتىنىڭ تاشقى ۋەزىيىتىگە كەلسەك، ئۇنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش ئىدىيەسى، كېڭەيمىچىلىك، زومىگەرلىك سىياسىتى دۇنيا مەملىكەتلىرىدە بارغانسېرى كوپىرەك سەلبىي ئىنكاسلارنى پەيدا قىلماقتا. خىتاينىڭ خوشنىلىرى ياپونىيە، جەنۇبىي كورېيە، فىلىپپىن، ئاۋستىرالىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر خىتاينىڭ رەزىل نىيەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن يېقىنلاشماقتا. بېجىڭ ھوكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش جۇمھۇرىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا چېگرا شەرتنامىلىرى ئىمزالانغان بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئىراق شەرق ئوتتۇرا ئاسىيەگە سىڭىپ كىرىش پىلانى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ مەملىكەتلەردە نارازىلىق ھەم قارشىلىقلار كۈچەيمەكتە. خىتاينىڭ يېقىندىن ئاتوم قورالىغا ئىگە بولغان ھىندىستان ھوكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا خېلى جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ كوممۇنىستىك تۈزۈمگە قارشى كۈرىشى يېڭى دولقۇن ھاسىل قىلماقتا.

مانا موشۇنداق مۇرەككەپ، لېكىن بىزگە پايدىلىق ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مىللەتنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدىغان بىردىن بىر يول قوراللىق كۈرەش يولى بولۇپ قالدى. قوراللىق كۈرەش يولى سىياسىي كۈرەش يولىنىڭ ژۇقۇرى شەكلى بولۇپ، ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش چارىلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان ۋاقىتتا قوللىنىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك شەكىلدۇر.

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان دىنىي قېرىنداشلىرىمىز قوراللىق كۈرەشنىڭ ئىنتايىن پارلاق ئەجايىپ مىساللىرىنى ياراتتى. بوسنىيە، پەلەستىن، چېچەنىستان، مىنداناۋ ئارىلى (جەنۇبىي فىلىپپىن) ۋە باشقا جايلاردا قوراللىق كۈرەش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئازاتلىق كۈرىشى غالىبىيەت قازاندى. بولۇپمۇ چېچەنىستان خەلقى ئۇلۇغ مۇجاھىد جوھار دۇدايېۋنىڭ رەھبەرلىكىدە چىش - تىرنىغىچە قوراللانغان دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك مەملىكەت روسسىيەنى يەڭدى ۋە ئۆز ئېلىدا مۇستەقىللىق تۇغىنى قادىدى. ئۇنىڭ سەۋۋى ئاللا نامى بىلەن بىرلىشىپ، ئادالەت ئۈچۈن قوراللىق جىھاد قىلغانلىقتۇر. چېچەنىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستان شارائىتلىرىنى سېلىشتۇرساق، بىر قىسىم پەرقلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، كوپ تەرەپتىن ئوخشايدىغان ئەۋزەل جايلىرىمىز بار. شۇنداقتىمۇ بىز چېچەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقى يولىدا ئىتتىپاقلىشىپ، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئىرادە ۋە روھىنى چوقۇم ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

يېقىندا ش ئۇ ئارنىڭ بىر قىسىم كاتتىباشلىرى بېجىڭدىن كەلگەن خوجايىنلىرى بىلەن ئۆرۈمچىدە ژىغىن ئۆتكۈزۈپ، پەرىشان ھالدا: «شىنجاڭدا چېچەنىيەنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك» دەپ بىر- بىرىنى ئاگاھلاندۇرۇشتى... شەرقىي تۈركىستاندا كۈن ساناپ ئۇلغىيىۋاتقان پىدائىيلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئالدىمىزدىكى ئۇمۇمىي يۈزلۈك قوراللىق ئىنقىلاپتىن خۇش خەۋەر بېرىۋاتىدۇ... ئاتا بوۋىلىرىمىز تارىختىن بۇيان «قىرىق ژىل قىرغىندا ژۈرۈپ قىرىلماپتۇ» دېگەن سوزنى تاشلىماي كېلىۋاتىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ قوراللىق مىللەتنى ھېچ كىم يوقىتالمايدۇ، ئۇ مىللەت ئۆلمەيدۇ. ئەڭ قورقۇنۇشلىقى - مىللەتنىڭ ئويغانماي دۈشمەنگە باش ئېگىپ، جىم يېتىشىدا، خۇداغا شۈكرى، مىللىتىمىز ئويغاندى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇتماقتا.

خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئىككى يۈز ژىلدىن بېرى خەلقىمىزگە سىياسىي، ئىختىسادىي، دىنىي، مەدەنىي جەھەتلەردىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىملاتسىيە سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ، قوراللىق ھەم تىنچ يول بىلەن «مىللىي تازىلاش» ھەرىكەتلىرىنى توختاتماي داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خەلقىمىزنى تىز پۈكتۈرەلمىدى. بۇنىڭ سەۋۋى، بىرىنچىدىن، خەلقىمىز نەچچە مىڭ ژىللاردىن بېرى خىتايلاردىن مۇستەسنا ھالدا مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇپ، ئەركىن ياشاپ كەلگەنلىكى ۋە مۇستەقىللىقنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلىدىغانلىقى. ئىككىنچىدىن، خەلقىمىزنىڭ تىلى، دىنى، مەدەنىيىتى، ئۆرپى - ئادەتلىرى، ھەتتا چىراي - شەكلىنىڭ خىتايلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغانلىقى ھەم ئىسلام دىنىنىڭ مىڭ ژىللاردىن بېرى خەلقىمىز قېنىغا سىڭىپ، دۈشمەن مىللەتنىڭ باسقۇنچىلىقىغا قارشى ئۇزىدە كۈچلۈك نەپرەتنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى. ئۈچىنچىدىن، شەرقىي تۈركىستان خىتاي بىلەن چېگرىداش بولۇپ، تارىختا خىتاي خەلقى بىلەن مەلۇم دوستلۇق مۇناسىۋەتلەردە بولغان بولسىمۇ، خىتاي ھوكۈمرانلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى نەچچە مىڭ ژىللاردىن بۇيان دوست - دۈشمەن، باسقۇنچى، باسقۇنچىغا قارشى تۇرغۇچى، مۇستەملىكىچى، مۇستەملىكىچىگە قارشى تۇرغۇچى مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىمانى ھەم ۋىجدانى بار ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئاياق ئاستى قىلىپ، خىتاي قۇللىغىدا ياشاشنى نومۇس بىلىدۇ ھەم ئۇنى تەبىي قوبۇل قىلمايدۇ. تۆرتىنچىدىن، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىنسان ھوقۇقى، دېموكراتىيە، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش خەلق ئارا پرىنسىپلىرى ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ سىياسىتىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغانلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جاي - جايلىرىدا توختىماي داۋام قىلىۋاتقان نامايىشلار، كوتىرىلىشلەر، قوزغىلاڭلار خىتاي كوممۇنىستلىرى دېگەندەك «بىر ئوچۇم مىللىي بولگۈنچىلەرنىڭ تاۋاكەلچىلىك ھەرىكىتى» بولۇپ قالماستىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ داۋامىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ۋاڭ خەيتاۋ يەنە ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ - پارتلاش ئالدىدىكى ئوق دورا ئامبىرى» دېگەن ماقالىسىدا: «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش بولگۈنچىلىك تەلۋى تىبەتنىڭ مۇستەقىل بولۇش مەسىلىسىدىنمۇ كۈچلۈكرەك جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئەندىشىگە قويماقتا» دەپ يازدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ئاساس قىلغان ئاۋتونومىيەنى زورلاپ تاڭدى. «بولۇپ ئىدارە قىل» سىياسىتىگە ئاساسەن ۋەتىنىمىزنى ئون بەش پارچىغا بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزدى. ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى شىنجاڭ پارتىيە كومىتېتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، شىنجاڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى... ئوخشاش خىتاينىڭ ئونلىغان ھاكىم مۇتلەق ھوكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەربىي ماشىنىلىرى ئاستىدا چەكتىن ئاشقان بېسىمغا ئۇچراپ، قول ئورنىدا ياشىماقتا. خەلقنىڭ ئىستىبداتلىققا قارشى سەۋر چىنىسى تولۇپ - تاشماقتا...

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى خەلق ئارادا ئىنتايىن مۇشكۈل لېكىن شەرەپلىك يولنى بېسىپ ئۆتمەكتە. ئۇلۇق قۇرئانىمىزنىڭ 94 - ئىنشىراھ سۈرىسىدە تەكرار - تەكرار: «ئەلۋەتتە، ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ئەلۋەتتە، ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار» دەپ قەيت قىلىنغاندەك. خەلقىمىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەشتە قايمۇقۇشتىن ئويغىنىشقا، ئويغىنىشتىن كۈرەش قىلىشقا ئۆتتى. دوستى كىم، دۈشمىنى كىم، ئىتتىپاقداشلىرى كىملىكىنى چۈشەندى. ھازىر ۋەتىنىمىزدە ئونلىغان يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئىزچىللىق بىلەن داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇ مۇقەددەس كۈرەش خىتاي ئىستىلاچىلىرىنىڭ تەقىپلەشلىرى، قىرغىنچىلىقلىرى كۈچەيگەنسېرى كۈچەيمەكتە.

تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ، خۇددى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاش، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىملاتسىيە سىياسىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ھازىر شەرقىي تۈركىستان، ئىچكى موڭغۇلىيە، تىبەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى خېلى جەڭگىۋار تەشكىلاتقا ئايلانغان. بىز بۇ ئىتتىپاقتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم.

شەرقىي تۈركىستان بىزگە قېرىنداش كوپلىگەن تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن چېگرالىنىشىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتلەر يېقىندىن مۇستەقىللىككە ئېرىشكەچكە، ئۇلاردا سىياسىي، ئىختىسادىي، مەدەنىي ۋە ھەربىي ۋە باشقا ساھالاردا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئەينە شۇ قىيىنچىلىقلىرىدىن پايدىلانغان بېجىڭ ھوكۈمىتى ئۇلارغا «ئىختىسادىي ياردەم» دېپلوماتىيەسىنى ژۈرگۈزۈپ، مەزكۇر جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ھوكۈمەت بىلەن خەلقنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش كېرەك. مۇستەقىل تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خەلقلىرى كوممۇنىست خىتاي ئاسارىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر تەن، بىر جان قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر كوممۇنىست خىتاي ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، قېرىنداشلىرى بېشىدىكى قارا قىسمەتلەرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. بۈگۈن خىتاي ئىستىلاچىلىرى سەددىچىن سېپىلى ئىچىدە ئەمەس، مىللىونلىغان ئەسكەرلىرى ۋە زامانىۋىي قوراللىرى بىلەن تۈنۈگۈنلا غەربىي تۈركىستاننى قوغداپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستاننى تومۇر تاپانلىرى ئاستىدا چەيلىمەكتە. تارىخ رەھىمسىز. ئەگەر خوشنا تۈركىي تىللىق جۇمھۇرىيەتلىرى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ھەقىقىي دۈشمەنلىك غەرىزىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقلىرىنى خىتاي ئىمپېرىيەسىگە بېرىپ قويۇشنى خالىمايدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا چارە كورۇشكە ئۆتىدۇ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئىشىغا چىن ئىخلاسى بىلەن ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز...

دۇنيا ئەڭ كونا، لېكىن تېز ئوسۇۋاتقان يېڭى خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول سېلىپ، تىنچلىقنى بۇزۇپ، ئۆز ئارا ئىچكى ئۇرۇشلارغا سەۋەپچى بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خوشنا مەملىكەتلەر بىلەن بولغان تېررىتورىيە، دېڭىز تەۋەلىكى مەسىلىلىرىدە باشقىلارنىڭ ئېگىلىك ھوقۇقلىرىغا تەجاۋۇز قىلماقتا. ئۇ ئامېرىكىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى خىتايلار كوپ ئولتۇراقلاشقان لوس - ئانجېلوس شەھىرىگە كوپلىگەن ئاۋتوماتىك قوراللارنى قانۇنسىزلىق بىلەن كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يامان غەرىزىنى دۇنيا ئالدىدا ئاشكارىلىدى. بۇ خەتەرلىك «ئويۇننىڭ» ژىپ ئۇچى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ كويۇغلىغا بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى دۇنيا مەتبۇئاتى ئوچۇق يازماقتا.

بۈگۈن شۇنى ئوچۇق ئېيتىش مۇمكىنكى، ئاتوم قورالىغا ئىگە، 1.3 مىللىيارد ئاھالىسى بار قىزىل خىتاي ئىمپېرىيەسى دۇنياغا بالايى - ئاپەت ئۇرۇغىنى چاچقۇچى ئۇرۇش ئوچىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دۇنيا مەملىكەتلىرى بۇ ئاپەتكە نىسبەتەن ھوشيار بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. موشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ بۇ زوراۋان كۈچكە تېگىشلىك جاۋاپ بېرىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ جاۋاپنىڭ نەتىجىسى كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەنلا يېشىلىشى مۇمكىن. بۇ يېشىم ئۇلۇق ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق ئېلىپ كېلىدۇ. خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش كاتىپى جاۋ زىياڭنىڭ باش مەسلىھەتچىسى، ھازىرقى خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى يەن جىياچىنىڭ: «نۆۋەتتە خىتاي دۇنيادىكى بىر قۇدرەتلىك كۈچ بولۇش ئاماسىدا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە. خىتايغا خوشنا ئەللەردىكى يېڭى كۈچلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيەدە كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ پارچىلىنىشى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالدى» دەپ تەكىتلىشى بىكار ئەمەس.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ [illegible] دەۋرىنىڭ تەلىۋى بولۇپ قالدى. كوممۇنىست خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقى ۋە مۇستەقىللىقى خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ تەجاۋۇزچىلىقىنى تىزگىنلەيدۇ. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، خىتاي ئىمپېرىيەسى ئۇنىڭ تۈگىمەس بايلىقلىرى - ئالتۇن، نېفىت، ئۇرانلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى سىياسىي، ئىختىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ھەرگىز يېتەلمەيتتى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، ئاتوم سىناقلىرىنى ئۆزىنىڭ ئادىمى كوپ ئولكىلىرىدە قىلىپ، ھېچ قاچان بۈگۈنكى زامانىۋىي ئاتوم مەملىكىتىگە ئايلانالمايتتى. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى دۇنيا تىنچلىقىغا خۇرۇۋۇپ ئەمەس، ئەكسىچە تۆھپە بولغۇسىدۇر. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئالدىدا يېڭى ئىستىقلالىيەت دەۋرى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇنى ۋەتەن داۋاسى يولىدىكى يېڭى غالىبىيەتلىرىمىز بىلەن كۈتۈپ ئالايلى!

ئەخمەت ئىگەمبەردى.
ئادېلايدې شەھىرى.
ئاۋستىرالىيە.

زۇلمەت ئاسمىنىدا چاقنىغان چاقماق

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆچمەس يۇلتۇزى

خەلقىمىزنىڭ كۈرەشچان پەرزەندى، تالانتلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇرلار قەلبىدە مەڭگۈ سۈيگۈ، چەكسىز ھۆرمەت بىلەن يادلىنىدىغان يارقىن سىمالارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر، زۇلۇم ۋە ئوقۇبەتلەرنىڭ قارا بۇلۇتلىرى قاپلىغان ئۆچ دەۋرىدە ياشىدى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئوخشىمايدىغان زۇلمى ئاستىدا ئىڭرىغان يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يارقىن ئىز قالدۇرغان ئۆچمەس يۇلتۇز بولۇپ قالدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەشقەر ئۇيغۇر سۇۋدىگەر ئائىلىسىدە، ئۆرەڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلدى. ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئىلى ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ 1922 ـ ژىلى ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئۇيغۇر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1930 ـ ژىلى 8 ياشلىق چېغىدا ئائىلىسى بىلەن ئىلى تەۋەسىگە كۆچۈپ بېرىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئۆسكەن. لۇتپۇللا غۇلجىدىكى مەكتەپلەردە، زىيارەت، قوشاق، شېئىر يېزىشقا قىزىققان. ئۇ ئوز قابىلىيىتى بىلەن 1932 ـ 1936 ـ ژىللىرى غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار مەكتىپىدە، كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئىلى رۇس گىمنازىيىسىدە بىلىم ئالدى. كۆپ شېئىرلىرى 1939 ـ ژىلى ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشقا كېلىپ، ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە، بىرىنچى ئوقۇشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، سياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتقا ئارىلىشىپ، روماننىڭ شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل سىياسىي يۈرۈشلەرگە ئارىلىشىپ، بۇ ھەركەتلەردىن ئىلھام ئېلىپ، ئەسەرلىرىنى يازغان.

ل. مۇتەللىپ 1941 ـ ژىلى كېيىن ئۇ لىي مەتبۇئاتتا خىزمەت قىلدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئېكسپېدىتسىيىگە تەرجىمان بولۇپ قاتناشتى. بۇ جەرياندا ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قايىنام ھاياتىنى، خۇسۇسەن ئەمگەكچان ئۇيـ



غۇر خەلقىنىڭ مەشەققەتلىك ھاياتىنى، ئېغىر تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىش ئىستىكى بىلەن تولدى. ل. مۇتەللىپ ئاقسۇدا «سوۋېت ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىسىنى، «چىن يۈرەكتىن»، «ئانا يۇرت»، «يېڭى يىل» قاتارلىق شېئىرلىرى، «ئاقسۇ ھىكايىلىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى بىر ئېقىم ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان. ل. مۇتەللىپ «ياشلىق»، «پارتىزانلار»، «سىماۋ»، «ئىنىمغا»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قىزىل گۈل»، «ئۇ» شېئىرلىرىنى، «تاھىر-زۆھرە»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «غېرىپ ـ سەنەم»، «جەنۇبتىن كەلگەن مەكتۇپ» قاتارلىق دراما ئەسەرلىرىنى يازدى. «گۇلچېچەك»، «ئاتا»، «ئانا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ھاياتى، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى تەسۋىرلىدى. «سىماۋ»، «كىچىككىنە ئىككى كەچ»، «ياز كەچلىرى»، «سەن تۇغۇلغان يۇرت» شېئىرلىرىدا ئاددىي ئەمگەكچى ئىنسانلارنىڭ ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىشلىرى بىلەن 1943 ـ ژىلى ئۇ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇ تۈرمىدىمۇ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى يوقاتماي، «جەنۇبىي شاماللار»، «ئىنتىزار» ... قاتارلىق يېڭى بەت ئۇيغۇشتۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئىنقىلاب ۋە يېڭى كۈچلەرنى توپلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا يارده مەلەشتى.

1945 ـ ژىلىنىڭ باشلىرىدا ل. مۇتەللىپ ئاقسۇدا «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئۇچقۇنى» تەشكىلاتىنى قۇردى. ئۇنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلى ئىنقىلابىغا ھەمسەپ قوشۇلۇشنى نىشان قىلغان ئىدى. بىراق تەشكىلات ئىچىگە سىڭىپ كىرىۋالغان خائىن تەشكىلاتنىڭ سىررىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە پاش قىلغانلىقتىن ل. مۇتەللىپ، مۇئەررىن غوجا، بىلال ئەزىزى ۋە تەشكىلاتنىڭ باشقا ئەزالىرى قولغا ئېلىنىپ، 1945 ـ ژىلى سېنتەبىردە گومىنداڭنىڭ تۈرمىسىدە دۈشمەنگە باش ئەگمەي، مەرتلەرچە قۇربان بولدى.

ل. مۇتەللىپ (قايىم نۇركىشى) قاھىلىقىدا چوڭ ئىجادىي يولنى بېسىپ ئۆتتى. شائىر ئۆمرىدە ئاز ياشىغان بولسىمۇ، ئەدەبىيات غەزىنىسىگە باي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ 70 تىن ئوشۇق شېئىر، 6 سەھنە ئەسىرى، 9 پامفلېت، 6 ماقالە، 2 تەرجىمە ماتېرىيالى، بىر ھېكايە، «داۋانلار ئاشىقى» رومانىنىڭ دەسلەپكى بابى بىزگە ماتېرىياللارغا ئاساسلانغانلىقى مەلۇم. شائىرنىڭ 1991 ـ ژىلدىن تارتىپ تۈرلۈك نامدا بىلەن موسكۋا، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، ئالمۇتا، تاشكەنتلەردە 10 تومدىن ئارتۇق ئەسەرلىرى، كىتابلىرى، شېئىرلىرى رۇس، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، خىتاي، ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىندى.

بىز ل. مۇتەللىپ 1941 ـ ژىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 11 تاپقىچە يېزىلغان ئىنتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كېيوللىكىيە لىك ئېكسپېدىتسىيىسىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا يازغان شېئىرلىرى، بۈگۈنكى كۈنگىچە ھېچ يەردە بېسىلمىغان، 1984 ـ ژىلى 4 ـ سانىدا ئىلمىي نەشرى «لۇتپۇللا مۇتەللىپ يېڭى شېئىرلىرىنىڭ تېپىلىش جەريانى» ماقالىسى بىلەن شائىرنىڭ يېڭى تېپىلغان 10 شېئىرى بېسىلدى. يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ل. مۇتەللىپ قەشقەرگە بولغان سەپىرىدە ئىجادىي ئىشلار بىلەن قىزغىن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئۇ شېئىرلىرى ئەمەلىي مۇھىملىقى بېرىش تېپىپ كېلىشكەن.

خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان نەپرىتى، كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ 75 ژىل توشۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، تېپىلغان شېئىرلىرى ئىشتەشنى بولسىمۇ، ياقسىزلىكتىن ئاستا بىر قەسىدە قىلىندى.

تۇرسۇن قاھارى

سۈرەتتە: ل. مۇتەللىپنىڭ 1938 ـ ژىلى چۈشكەن سۈرىتىدىن كۆچۈرمە.

يالقۇنلۇق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرىيەتتە زور تالانت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىر قاتاردا ئۇ تولىمۇ پاراسەتلىك، تىرىشچان ۋە ئەمگەكسۆيەر ئىنسان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى، ئاگىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي زىدىيەتلەرنى، يەنى ئىشغالىيەتچىلەر بىلەن ئىشغال قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتلىك كۈرەشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن شائىر بولۇپ يېتىشتى. ياشلىقىغا قارىماي شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، سىياسىي مەيداندىمۇ باشقىلار-

تەرەپتىن ئىككى ئىسكادرون ـ ئۇيغۇر ـ موڭغۇل ئىسكادرونلىرى ياردەمگە كېلىدۇ. بۇ يېڭى كۈچ بىلەن قوزغىلاڭچىلار 45 ـ ژىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېڭى شەھەرگە يەنە ھۇجۇم باشلايدۇ. لېكىن ئۇمۇ كېيىنكى ئىتتىپاقنىڭ ناسلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە سېتىپ بەرگەن قۇراللىرىنى ئېلىپ كېتىشى بىلەن غالىبىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

شۇنداق غالجىرلاشقان گومىنداڭچىلار خەلقلەر ئۈستىدىن ھەددىدىن ئاشقان ۋەھشىلىكلەرنى قىلىدۇ. يېڭى شەھەردىكى خەيجاڭ

● تارىخىمىزدىكى يارقىن سىمالار

كۈرەش قاينىمىدا ئۆتكەن ھايات

نى ئەتراپىغا توپلاپ، ۋەتەن ئۈچۈن بولغان كۈرەش يولىدا قۇربان بولغان بۇ ئوت ژۈرەك شائىرنىڭ نامى بىلەن خەلقىمىز ئەدەبىي پەخىرلىنىدۇ.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەركىنلىك تايانچىسى سۈيىتىدە مەيدانغا كەلگەن «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئۇچقۇنى» ئاقسۇ يېڭى شەھەرنىڭ دولان ئۈستىكى بويىدىكى بىر باغدا 1945 ـ ژىلى 2 ـ 3 ـ ئايلاردا تەسىس قىلىنغان. ئىلى ۋىلايىتىدە مىللىي ـ ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ باشلانغانلىغىنى ئاڭلىغان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قانداق ھاياجانغا بولۇنگەنلىكىنى ئۇنىڭ ئېيتقان تۆۋەندىكى يالقۇنلۇق سۆزلىرى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. «ئەي، تياناشان، سېنىڭ ۋۇلقانلىرىڭ دەل چاغدا پارتلاپتۇ. ئەسىرلەردىن بېرى ئاققان ساپ قانلار سىڭگەن غەزەپكە كەلگەن ئانا تۇپراق پارتلاپتۇ. مىللىونلىغان ساپ ۋىژدانلىق كىشىلەر پارتلاپتۇ. ئاھۇ پەرىياتلىق كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان سايرام سۈيى، قاش دەرياسى، ئىلى دەرياسى پارتلاپتۇ. ئەي ئىچى زەرداپ قانغا تولغان ئانا تۇپراق تارىم سەنچۇ، ئەي بىگۇنا قۇربانلار قېنىدىن ھاسىل بولغان تارىم سەنچۇ؟ پارتلا، پارتلا، يەنە پارتلا».

مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ساتقۇنلىغى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىغا ئېلىنغان مۇتەللىپ باشلىق تەشكىلات ئەزالىرى قارا كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقىنىغا قارىماي قاراڭغۇ زىندانلاردا ئاقسۇنى ئازات قىلىش ئۈچۈن كەلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى ئاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، زور ئۇمۇتۋارلىق بىلەن شاتلىنىشقان بولسىمۇ، ئاممائۇلارنىڭ دۈشمەن بىلەن قانداقلارچە ئېلىشقانلىقلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرەلمىدى.

شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي پىلانىدا جەنۇبىي يولۇنۇش بويىچە ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرىي ۋە فرونت قوماندانى سوپاخۇنلار (سوپاخۇن مايتاغدىن ئىلى ئىنقىلاۋىچىلىرى تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەن ئۆزىنىڭ 133 نەپەر جەڭچىسى بىلەن) 1945 ـ ژىلى 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاقسۇنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ۋۇرۇش قىلىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق باي ناھىيىسىگە كېلىپ، ئۇ يەردىن ھۇجۇم بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئازات قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يېڭى شەھەرنى قاتتىق ئوققا تۇتىدۇ. لېكىن ھەربىي سانى ۋە قورال كۈچى جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان گومىنداڭچىلار قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇمىنى ئارتقا چېكىندۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا ئىلى

مەھەللىسىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، خەلق ئۆيى ـ ماكانسىز قالىدۇ. كونا شەھەردە ئوغرىلارنى (ئىنقىلاپچىلارنى دېمەكچى) مېھمان قىلىشتىڭ. ئۇلارنى كۆتۈپ ئاش ـ نان بېرىشتىڭ دېپ زور قىرغىن ژۈرگۈزىدى. ھايۋان تەبىەتلىك گومىنداڭ ھەربىيلىرى قۇراللىنىغاتايىنىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ياش چوكان، نارسىدە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىشتى.

«شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئۇچقۇنى» ناملىق سىياسىي تەشكىلات مىللىي مۇناپىق ھېكىمنۇرنىڭ ساتقۇنلىغى بىلەن پاش قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدى. ل. مۇتەللىپنىڭ ئايالى سويىيەمنىڭ ئېيتىشىچە شائىر 1945 ـ ژىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاقسۇ كېزىتخانىسى قوراسىدىكى ئۆيىدىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كىشىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى باشلىغى زومگىنىڭ ئىقرار نامىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1945 ـ ژىلى 19 ـ سېنتەبىر كېچىسى تۈرمە قوراسىدا ئېتىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئېنىق بولمىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇتەللىپ بىلەن بىللە قەتل قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلەر 21 كىشىدىن ئىبارەت. شائىرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرغان نىمشېھىد (ئەرمىيە داموللام) ل. مۇتەللىپكە بولغان سۆيگۈ ـ ئېھتىرامىنى مۇنداق شېئىرىي قۇرلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن:

سىغدۇرالمىدى سېنى بۇ جاھان.
ئاسرالمىدى ئۇ كاژ شۇم زامان.
تۇتقۇنغا بەردى سېنى قايسى بەندە.
خەلققە، ۋەتەنگە ئاسىي شەرمەندە.

ل. مۇتەللىپنىڭ مەقبەرىسى ئاقسۇدىكى بەزى زىيالىلارنىڭ خىراجىتى بىلەن ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ياسىلىپ قويۇلغان. بىر مېتىر ئېگىزلىكتە تۇرغۇزۇلغان 4 چاسا تاشنىڭ ئىككى تەرىپىگە يادنامە سۈپىتىدە شائىرنىڭ «خىيالچان تىلەكلەر» دېگەن شېئىرىدىن بىر كۇپلېت، «ژىللارغا جاۋاپ» شېئىرىدىكى «ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى» دېگەن ئاخىرقى مىسرا خوش خەت شەكلىدە ئويۇلۇپ يېزىلغان.

تارىخىمىزنىڭ ئۆتمۈش سەھىپىلىرىنى ۋاراقلايدىكەنمىز، مۇستەملىكچىلەرنىڭ خەلقىمىز ھاياتىدا قالدۇرۇپ كەتكەن قانلىق داغلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. شۇ قاتاردا كۈرەشچان شائىرىمىز ل. مۇتەللىپنىڭ يالقۇنلۇق سىماسى خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

قادىرھاجى كېرىمى.

ل. مۇتەللىپنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى

تەييارلان ئوغلانلار

تۈنلەرنىڭ ئاخىرىن تاڭغا ئۇلاشقا،
زۇلمەتنىڭ ھۇلىنى دايىم كولاشقا،
تەييارلان ئوغلانلار يەكلەرنى تۈرۈپ،
تەييارلان ئوغلانلار فرونتلاردا
قىزىتىپ جەڭلەرنى «ھۇررا» تۈۋلاشقا.

داۋانلار ئاشىمەن

داۋانلار ئاشىمەن توختىماي، چۈنكى،
داۋانلار ئاشمىسا مەنزىل كۆرۈنمەس.
چېقمىسا بىر بوران، سۈرۈلۈپ بۇلۇت،
ئارقىدىن ئىللىق ئاپتاپ كۆرۈنمەس.

راۋابىمنى يېڭى مۇقامغا چال

راۋابىمنى يېڭى مۇقامغا سازلىمساڭ،
كونا مۇقامىڭ دوستۇم قۇلاققا ياقماس.
باغ ياساپ، گۈللەر تىرىپ كوكەرتمىسەڭ،
قاخشال باغدا بۇلبۇللار قانات قاقماس.

«ئاھ ـ دات» ئېيتىش ئوتمۇشنىڭ مىراسى ئۇ.
ئۇ مىراستىن ھېچ كىشى ئۇلۇشمۇ ئالماس.
كۈرەش بىلەن ئالغا چامداش چېغى بۇ،
كۈرەشچانلار فرونتنىڭ كەينىدە قالماس.

ھە دوستۇم! داتلىما ئۇمۇتلۇك بول،
ئۇمۇتسىزدىن ئەجدادى ھەم خوشال بولماس.
ئالغا ئاتلا تىرىشىپ، توسقۇنلارنى يار،
شۇندا قىلغان ئارمانلىرىڭ يەردە قالماس.

ژۈرەكلىك بول، يېڭى ئىشلارنى يارات تىنماي،
قورقانچاقلار يېڭى ئىشقا قول سالماس.
يېڭى ئىشلار كۈشەندىلىرى توساپ ھەرگىز،

بۇ سەپەردىن ئارقىمىزغا ياندۇرالماس.
قىپ ـ قىزىل گۈللەرگە تولسا يەر ـ جاھان
جەنۇپتىن، شىمالدىن تەك چىقسا بوران،
ۋەتىنىم ئۈستىدە تارقىسا تۇمان.
ئارقىدىن كورسەتسە قۇياش ھوسنىنى،
يايرىسا تۇنجۇقۇپ ياتقان ھەر بىر جان.
ياۋۇزلار تەختىنى چاقساق «ھۇررا» دەپ،
قىپ ـ قىزىل گۈللەرگە تولسا يەر ـ جاھان.

كۈرەش مۇشكۇل

كۈرەش مۇشكۇل، ھەر قەدەمدە،
ئۇنىڭ مىڭ بىر داۋانى بار.
ئۇ ئوڭۇشلۇق ئەمەس ئەسلا،
بوران ـ چاپقۇن، تۇمانى بار.

ئۇلۇق ئىستەك

مېنىڭ قەلبىمدە بىر ئىستەك،
خەلقىمنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىشلەش.
كۈرەشتە تاڭ ۋەسلىگە يەتسەم،
بەختىنىڭ قەنتىنى چىشلەش.

ئېيتقىنا سەندىن سوراي

ئەي ھىممەت ساي، كەگرى ساي،
سەندىن ئۆتكەنلەر تالاي.
قاخشىدى قانچىلار سەندە،
قانچىلار سالدى ساراي.

تۈرمىدى ئۇزاق سارايلار،
يىغىلار بولغاچ تالاي.
ئېيتقىنا كىم ماختىدى، كىم تىللىدى،
مەن بۈگۈن سەندىن سوراي.

كەلگەندە شۇنداق بىر زامان
جەڭ قىلىپ ئاشسام داۋان،
قولۇمدا كۈم بولسا قاۋان.
كۈلسەم قاقاھلاپ دوستلار بىلەن،
كەلگەندە شۇنداق بىر زامان.

چېچەكتى

چېچەكتىدەك مۇنداق داۋان كورگىنىم يوق،
ياشىشتىن قورقۇپ خىيال سۈرگىنىم يوق.
مەيلى ھاۋا شالاڭ بولسۇن، مەيلى ئۆتەك،
ئازاپلىنىپ، ۋايساپ قاپاق تۈرگىنىم يوق.
ئەجەل يېتىپ بۇ يەردە ھەم ئۆلگىنىم يوق
(چېچەكتى ـ تاش قورغان بىلەن چارلۇق ئوتتۇرسىدىكى ئېگىز داۋان)

پارچىلار

كېلىڭلار دوستلار ئوينايلى،
جەڭلەرگە بەل باغلايلى.
شېھىتلار روھى خۇش بولسۇن،
ياۋۇزلار باغرىنى داغلايلى.
غازىيانە ـ غازىمەن،
چۆلدىن ئۆتكەن غازىمەن.
زالىم بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.
ئۆلمەي قالسام غازىمەن.
جەڭگە مىنگەن ئاتلارنىڭ،
ئوتى يېنىدا تامغىسى.
قوشاق قوشۇپ ژىغلايدۇ،
شېھىتلارنىڭ ئانىسى.
بىلگىن دوستۇم بۇ بىر ھەقىقەت،
سەۋەپسىز بولماس مۇھەببەت ـ نەپرەت.

1941 ـ ژىل 6 ـ 11 ئايلار.

قۇھەر مىسرا تۇرغىلىگە كومۇلگەن

ئۆتكەن پەيشەنبە كۈنى قىرغىزستان پايتەختى بىشكېك شەھرىدە بولۇپ ئوتكەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 75 ژىللىغىغا بېغىشلانغان تەنتەنىلەر شائىرنىڭ ئىككىنچى ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىگىدىن يەنە بىر قېتىم دالالەت بەردى. بىشكېكتىكى دولەت فىلارمونىيەسى زالىغا ژىغىلغان مىڭدىن ئوشۇق ئادەم بۇ كۈنى ئۆزىنىڭ ئەجايىپ پەرزەندى، ئوت ژۈرەك شائىرىغا مۇھەببىتى ئىللىق سۆزلىرىنى ئىزھار قىلدى.

خاتىرە ژىغىنىدا قىرغىزستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى «ئىتتىپاقىنىڭ» رەئىسى نىغمەت بوساقوۋ سۆزگە چىقىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز شائىرىنى خاتىرىلەپ، موشۇنداق ژىغىن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىنى بەرگەن قىرغىزستان ھۆكۈمىتىگە تەشەككۈر ئېيتتى.

تەنتەنىلىك ژىغىندا قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى م. ئاماتوۋ، قازاقىستان خەلق يازغۇچىسى زىيا سەمەدىي، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئەزىز نارىنباييۇ، قىرغىزستان خەلق ئارا مۇناسىۋەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاراكول شۇبىسىنىڭ دىرېكتورى سەيدۇللام ئابدۇللايېۋ، شائىر دولقۇن ياسىن، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كورسەتكەن سەنئەت ئەربابى كېرىمباي ئامانكېلدى، قىرغىزستان خەلقلىرى ئاسسامبلىيەسىنىڭ رەئىسى س. بېكەلىيېۋ، قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ئۇيغۇر سېكسىيەسىنىڭ باشلىغى جامال قاسىموۋ، شائىرە خەيرىنىساتۇردى ۋە باشقىلار سوزگە چىقتى.

ناتىقلار ئۆز سوزلىرىدە يالقۇنلۇق شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە كەڭ توختىلىپ، ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراسى ھېچ قاچان ئۆلمەيدىغانلىغىنى تەكىتلەشتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان تەنتەنىلەر ماھىيەتتە قىرغىز خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى قېرىنداشلىق، دوستلۇغىنىڭ بايرىمىگە ئايلاندى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز).

يەھيا تايىرى

تەشۋىش

(ھېكايە)

پويىزدىن ئىككى موماي چۈشتى. تېز- تېز مېڭىشىپ، چەتكە چىقىپ توختاشتى. ئەتراپ كۈندۈز كۈندەك يورۇق، ئادەملەر خاتىرجەم. ئامما مومايلار تەشۋىشتە. خانىم موماي چاندۇرمىغاندەك قىلغان بىلەن گۈلسۇم مومايىنىڭ رەڭگىدە رەڭ قالمىغان. ئۇنىڭ شۈمشەرەپ، مولتىيىپ قاراشلىرى ھەمرايىغا ياقمىدى، ئەتىمالىم، يېقىنىراق كېلىپ زەردە قىلدى:

— ئۇۋۋاش، خويمىسكەندىلىغۇ ئېگەكىم...

— ھە، نېمە بولدى؟

— چۈكچەرەپلا كەتتىلىغۇ، ئۇزلىرىنى سەل تۇتسىلا، بۇنداقلا قىلىدىغان بولساق، ئوغرىلار ھازىرلا كەينىمىزگە چۈشىدۇ.

گۈلسۇم مومايىنىڭ ژۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقاتتى، ئۇنى ئاز دېگەندەك، بىر تۇزۇكلا كېلىۋاتقان خانىم موماي خۇددى بىرسى چىمداپ ئالغاندەك ۋاقىراۋەتتى:

— ۋاي ئولەي، ھوي خوتۇن، تېرموس قېنى؟

— ۋاي ئولۈپتىمەن! — ژۈكلىرىنى تاشلاپ، ئىككى يامپىشىغا شاپىلاق قىلدى گۈلسۇم موماي، ئولتارغان جايىمىزدىلا قاپتىغۇ، قانداقمۇ قىلارمەن.

ئۇ شۇنى دېدىدە، كەينىگە قاراپ ژۈگەردى. ھاسىراپ-ھومۇدەپ چۈشكەن ۋاگونغا يېقىنلىشىۋىدى، ياش بىر ژىگىتنىڭ تېرموس تۇتقان قولىنى ئېگىز كوتىرىپ، ۋاقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

— بۇ كىمنىڭ تېرموسى؟

— ۋاي، مېنىڭ، — ئۈننىڭ بارىچە ۋاقىرىدى گۈلسۇم موماي، — يالغان بولسا ئىچىگە قاراڭ، ئازراق چېيى بار، ھېچ يېرىنىڭ سىرى كوچمىگەن.

ژىگىت مومايغا تېرموسنى سۇنۇۋېتىپ چېقىشتى:

— مومايلار خېلە پىششىق كېلىدىغان، سىلەگە نېمە كورۇندى، چوكىنا!

— ھى، ھى...، — خىجىلغىنە كۈلدى گۈلسۇم موماي، — قېرىلىقتە، بالام، قېرىلىق. «كەلدىڭلار» دېۋىدى، ھوش — كاللىمىزنى تاپالمايلا قالدۇق. بۇ يەردە بىر ئوغلۇم بار. ئارمىيەدىن قايتىپلا، مەشەلىك بولۇپ قالغان. ئويلەنگىنىگە ئۈچ ژىلچە بولدى. نەۋاقتا خېتى كەپتۇ، ئوقۇتسام، ئوغۇل كورۇپتۇ. شۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىمدە، بۇ ياققا ئۈچتۈم.

— ئوغلىڭىز بۇ شەھەرنىڭ قەيەرىدە تۇرىدۇ؟

— چىلانزار دېگەن يېرىدە. ھەممىسى قەغەزگە يېزىقلىق.

— نازىراقلا ۋاختىم بولسا، ياردەم قىلاتتىم، چوكىنا. ژۈكلىرىڭىزمۇ خېلە بار ئېكەن.

— خېلىلا بار، — مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى موماي، — كېلىنىمگە بېشىدىن — ئايىغىچە ئالدىم. ئوغلۇمغا بولسا...

ئۇ شۇ بويى ئوغلىغا كوستيۇم — شىم، ئەۋرىسىگە كېرەكلىك ۋە ئوتۇش — بىلىشلىرىگە ئالغان سوغا — سالاملىرىنى بىر — بىرلەپ ئېيتماقچى بولىۋېدى، بولمىدى. كوزى — ساۋاسلاپ كېلىۋاتقان خانىم مومايغا چۈشۈشىلا بىلەن جىمىپ قالدى. خانىم موماي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئالىيىپ بىر قاراۋالدىدە، ژىگىتكە بۇرۇلدى:

— ھېي بالام، بۇ مومايغا نېمانچە چاپلىشىپ قالدىڭىز؟ ئۇنىڭ نېمە ئېلىپ، نېمە قويغىنى بىلەن نېمە چاتىڭىز؟ خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، مومايىنىڭ يېنىدا مېنىڭمۇ ھەمراسى بار. مەن بولسام موشۇ شەھەرنىڭ نەق كىندىكىدە تۇغۇلغان. يولغا چىققان چېغىمىزدا بۇ يەردە تۇرىۋاتقان ئوغلىغا تېلېگراما سېلىۋەتكەنمىز. بەلكىم بىزنى ھازىرلا ئالدىدا كۈتۈۋاتقاندۇ. ئۇزى ھېلىقى مۇشلىشىۋاتقانلارنى نېمە دەتتىكلار، ھە راسلا، بوكسور...

خانىم موماي شۇلارنى دېدىدە، ھەمراينىڭ سورەپ دېگەندەك ئېلىپ ماڭدى.

— نېمىشكە يالغان ئېيتىدىلا، — كېتىۋېتىپ ئۈن قاتتى گۈلسۇم موماي، خانىم موماي ئۈن چىقارماي ۋوكزالنىڭ چوڭ زالى ئالدىغا كەلدى. چېمودانلارنى يەرگە دوققىدە قويۇپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىدى:

— ھوي خوتۇن، ئەۋۇ باش ئەيرىدە ئاقارغان، كورۇنگەنلا ئادەمگە ئىمان — سىرلىرىنى ئېيتىۋېرىدىكەندىلا!

— نېمە دەيتىمەنا ئەي؟

— نېمە دەيتىمەن دېگىنىنى؟ — كالپۇكىنى تۇردى خانىم موماي، — مەن ئارىلاشمىغان بولسام، چېمودانىنى ئېچىپ ھەممىنى كورسىتەتتىلا. پۇلىنى قەيەرگە قويدىغانلىرىنىمۇ ئېيتاتتىلا. ئاندىن كېيىن بايىقى ژىگىت سىلەگە ياردەم قىلماقچى بولاتتى. بىر قارانغۇ جايغا باشلاپ ئاپىراتتىدە، چوقىلىرىنى بىرنى قويۇپ، تاپقان — تەگەنلىرىنى سۈيۈرۈۋالاتتى.

— ئاغىزلىرىنى ئۆشۆتتىمسىلا، تۆققان.

— ئاغزىمنى ئۆشۆتۈۋالغىنىم يوق، راست كەپنى دەۋاتىمەن.

— ئەمسە ماشىنا تۇتۇپ كەلسىلە.

— ياق، ماشىنىلاردىمۇ ئىشەنچ يوق.

— بولمىسا نېمە قىلىمىز؟

— مەشەدىن بىر يەرنى تېپىپ تۈنەيمىز.

— ۋۇيەي مونۇ خوتۇننى...

— تۈنۈگىلىرى كەلمىسە، ئەينە يول، ماشىنىنى ئوزلىرى تۇتۇپ، يولغا راۋان بولىۋېرسىلە.

— توۋۋا قىلدىم، — ياقىسىنى موجىدى گۈلسۇم موماي، — شۇنچە يەردىن بىللە كېلىپ، ئەندى مېنى قوغلاۋاتقانلىرى نېمىسى؟

— بولمىسا مېنىڭ سوزۇمگە كىرىپ، مەن نەگە ماڭسام، كەينىمدىن قالمىسىلا، بارىدىغان يېرىمىزگە يورۇقتىراق بارىمىز.

پويىزد قوزغىلىپ قېلىۋېدى، كۈچلۈك جالاقلاشلار ۋاگونلارنىڭ ئاخىرىغىچە سوزۇلۇپ باردى... مومايلار ژۈكلىرىنى كوتەرگەن پېتىچە زالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئىككى قەۋەتلىك ۋوكزالنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتىدە ئادەملەر قويۇق، ئورۇنلارمۇ بوش ئەمەس. بۇ يەردە ئولتارغانلارنىڭ بەزىلىرى ئوز ئارا سوھبەتلەشسە، بەزىلىرى ئۈگدەشمەكتە. تاشقىرىدا ژۈرگەن ژىگىت — قىزلارنىڭ بىر — ئىككىسى گىتارا چېلىۋاتىدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىرىمۇ بار.

بۇنى كورۇپ خانىم مومايىنىڭ تۈمشۇقلىرى سوزۇلۇپ كەتتى:

— «ئەلنىڭ جېنى چىقسا، گالزاڭنىڭ كۈلكىسى» دېگەن شۇكەندە! ئايناقلىماي ئولۇشكىن ئېگە كىم جوگايىنمەكلەر.

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن زالنىڭ ئاخىرىغىچە باردى. قوللىرىدىكى ژۈكلىرىنىڭ ئېغىرلىغىدىنمۇ ياكى ئىسسىپ كەتكەندىنمۇ، چېپىدە تەرگە چومگەن ئېدى. بىر بوشلۇقتا ژۈكلىرىنى قويۇپ تۇرۇۋېدى، ياش ئەر-ئايال كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى. خانىم موماي ئۇلارنى يەر ئاستىدىن كوزۇتۇپ، ئاندىن گۈلسۇم مومايىنى نوقىدى:

— ژۈرسىلە، توپىسىگە چىقىپ باقايلى، مونۇ ئولگورلەرنىڭمۇ تېلەتى سورۇن.

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپمۇ تېنچىغىنى يوق. ئۇ ياقتىن — بۇ ياققا مېڭىپ، ئاخىرى كۈن چىقىش تەرەپتىكى دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— توۋۋا، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى موماي، سەل نېرىدىكى ئورۇندا سوزلىشىپ ئولتارغان ئىككى ژىگىتكە ھەيران قېلىپ، — بۇ يەرنىڭ ياشلىرى بىر قىسىملا ئېكەن. قىزلىرى ئوغۇلچە، ئوغۇللىرى قىزچە ياسىنىۋاپتۇ. مونۇ ئولگورلەرنىڭمۇ چاچلىرىنى قارىمامدىغان، خۇددى ئالۋاستىنىڭ ئوزى. بويىندىكى مارجانلىرىچۇ، ۋاي، ئۇياتەي.

— ۋوي تۇققان، نەگە؟ — گۈلسۇم موماي ھەيران بولۇپ سورىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ، ئاۋازىدىنمۇ خانىم مومايغا رەنجىگەنلىرى سېزىلىپ تۇراتتى. خانىم موماي ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سالدى. تۇۋەنگە چۈشۈپ، توپ — توغرا تاشقىرىغا چىقتى. دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ، ژۈكلىرىنى قويدى.

— تولا نېمە بولدى دەپ سوراۋېرمىسىلە. خالىراق بىر جاينى تاپىمىز، تولا ئاھ — ئۇھ تارتىۋەرمىسىلە، سەگەك بولسىلا، ئەندى مەشەدىن قوزغالمايمىز.

گۈلسۇم موماي ھەمرايىنىڭ كېلىپ — كېتەر مىجەزىنى ياخشى چۈشەنگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ دوقلىرىنى ئېغىر ئالمىدى.

ئۇلار ئورۇنلاشقان جاي ھەقىقەتەنمۇ كوزدىن نېرى، دەم ئېلىشقا ئەپلىك ئېدى. مومايلار ئوزلىرىنى خاتىرجەم سېزىپ، ژۈكلىرىنى ئوتتۇرىغا ئالدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا مىلىتسىونېر كەلدىدە، سوراپ قالدى:

— بىر ياققا مېڭىۋېدىڭلارمۇ؟

— يوغسۇ، — جاۋاپ بەردى خانىم موماي، — بىز ھېلىقى يەركەنت دېگەن يەردىن كېلىۋېدۇق. بارىدىغان يېرىمىزگە كېتىۋېرىدىلى دېسەك. مونۇ مومايىنىڭ ساقلىغى بولماي قالدى.

— بولمىسا دوختۇر چاقىرتايلى.

— ياقلا، — ئوزىنى زورىغا باستى موماي، — ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، سەل دېمىنى ئېلىۋالسىلا تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

— ئانداقتا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايمۇ؟

— زادىلا ئاۋارە بولماڭ. مېھمانخانىغا بېرىشنى ئوزىمىزمۇ ياخشى بىلىمىز. بىراق بۇ كىشىگە ئۇچۇقچىلىق كېرەك. بېرىم سائەتتىن كېيىن يولىمىزغا راۋان بولىمىز.

— ئىختىيارىڭلار، — دېگىنىچە مومايلاردىن ژىراقلاشتى مىلىتسىونېر. خاتىرجەم بولغان مومايلار ھەيەل ئوتمەي، تىزلىرىغا بېشىنى قويۇپ، ئۇيقىغا كېتىشتى.

تاڭ ئاتتى. مومايلار كوزلىرىنى ژىتىپ ئاچتى. ئوخاندىدە، ئالاق — جالاق بولۇپ ژۈكلىرىگە تاشلاندى. چېمودان ۋە سومكىلىرىنى ئېچىپ كوردى. ھەممە نەرسە جايىدا — خالتىغا ژىچ سېلىنغان توغاچلارمۇ، ئەينەك قاچىدىكى قايماقلارمۇ، ئورنىدىن قوزغالماپتۇ. مومايلار بىر — بىرىگە قاراپ يېنىك تىنىۋېلىشتى. كېيىن ئوزلىرىچىلا قاھ — قاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ھەتتابۇ كۈلكىدىن ئۇلارنى كوزىتىپ تۇرغان مىلىتسىونېرمۇ چەتتە قالمىدى.

بىر دەقىقە تەبەسسۇم

قىزىقچى مەخسۇم تورە

ئويۇن — كۈلكە، خۇش چاقچاقتا خۇشتار، سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ئەزەلدىن ئوز ھاياتىغا شېرىك قىلىپ كەلگەن موشۇ خۇسۇسىيەتلەرنى تا ئەۋلاتتىن — ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ياركەنت تەۋەسىدە خەلق قىزىقچىلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ قالغان مەخسۇم تورە توختىباقىيېۋ ئوز لەتىپىلىرى بىلەن خەلقىمىزگە روھى ئوزۇق، مەنىۋىي مەدەت بولۇپ، ئولتىرىش، سورۇنلاردا كوڭۇللەرگە شاتلىق بېغىشلايدۇ.

توۋەندە ئۇنىڭ بىر قانچە لەتىپىلىرىنى گېزىتخانلارغا تەغدىم قىلىۋاتىمىز.

مەخسۇم تورە كولخوزدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا، رەئىس چاقىرتىۋېلىپ؛

— ئىششاق باللىق ئېكەنسەن، سۇ تۇتۇپ جارىتىۋەتكىنىڭ چاغلىق، باشقا بىر ئوقەتكە ئاۋۇشساڭ قانداق؟ — دەپتۇ.

— راست ئېيتىسىز، تاپقىنىم قوساققا يەتمەيۋاتىدۇ.

— چوشقا فېرمىسىدا ئىشلەپ كورەمسەن يە؟

— ياق، بىز مۇسۇلمانلارغا بۇ ئىش بولمايدۇ.

— خوش، ئۇنداق بولسا، قەيەردە ئىشلىگۈڭ بار؟

— سىزنىڭ ئورنىڭىزنى دېسەم، ئىشىڭىز بەك ئوڭ. ئۇنىڭدىن كورە ئەۋۇ پارتوركىڭىز كەچكىچە بىكار ژۈرىدۇ، شۇنىڭ ئورنىنى بىر ئىككى ئايغا بېرىپ تۇرسىڭىز، — دەپتۇ.

***

ئالمۇتىدا بىر ئولتىرىشتا، مەخسۇم تورىگە بىر- ئىككى ماختانچاق ھەدېسەلا «بىز دېگەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ غورازلىرىدىن بولۇمىز» دەپ تېگىشىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا تورەم:

— ھوي، ئاغىنىلەر، غوراز بولساڭلار مەشەدە بولۇڭلار، بىراق يەركەنتنىڭ بازارىدا سىلەردەك غورازلارنىڭ كەينىگە چىغ سانچىۋېلىپ، بەش تەڭگىدىن سېتىۋاتىدۇ — دەپتۇ.

***

كۈن چۈش بولغاندا كومۇقوناق سۇغىرىشقا كېتىپ بارغان تورەمگە كولخوز رەئىسى ئۇچراپ قېلىپ:

— ھوي، مەخسۇم، كۈن چۈش بولغاندا، ئىشقا ماڭغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

— يولداش رەئىس، ئېشىكىم ئاغرىپ قالسا، مەندە نېمە ئەيىپ؟ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تورەم.

***

تورەمنىڭ «ساراڭ» لەقەملىك بىر ئاغىنىسى ئاغرىپ، خېلىلا يېتىپ قاپتۇ. يوقلاپ بارغان تورەمگە ئۇ رەنجىپ؛

— نەلەردە ژۈرۈسەن، ئولۈپ — تارتىپ قالسام، كېلىپمۇ قويمامسەن نېمە؟ — دەپتۇ.

— ئولۈپ قالساڭ نېمىشكە كەلمەيدىكەنمەن؟ كورۇپ قالارسەن، باش ژۈغۇچىڭغا ئوزەم كىرىمەن جومۇ؟ — دەپتۇ تورەم ئۇنىڭغا يونىغاندەك.

تەييارلىغان ئۆرەخمەت ئەخمەتوۋ.

سۈرەتتە: مەخسۇم تورە توختىباقىيېۋ (ئوڭدا) ژىگىت بېشى سابىت غەنىيېۋ بىلەن.

لەتىپىلەر

— ئاپا، ئاپا، مەن ساڭا بۇ قېتىم سېنىڭ بىلەن چىقىشىدىغان ئۇيدان بىر كېلىن تېپىپ قويىدۇم.

— قاچان ئويلىنىسەن، ئوغلۇم؟

— سەن قېرىپ، بۇ ئالەمدىن ئوتكەندىن كېيىن.

* * *

ئەر — خوتۇن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، بىر — بىرى بىلەن ئۇزاق گەپلەشمەي ژۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېرى ئەتىسى مۇھىم بىر ژىغىنغا بارىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ، خوتۇنىغا گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا بىر پارچە قەغەزگە «خوتۇن، ئەتە ئەتىگەن سائات 6 دە مېنى ئويغىتىۋەتكىن» دەپ يېزىپ، خوتۇنىنىڭ ياستۇغىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپتۇ.

ئېرى ئەتىسى سائات 8 دە ئويغىنىپ قارىسا، ئوزىنىڭ كاراۋىتىنىڭ بېشىدا «دادىسى، سائات 6 بولۇپ قالدى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ» دەپ خوتۇنى يېزىپ قويغان قەغەز تۇرغىدەك.

تۇپلىغان ۋە توقىغان:
يۇسۇپ غوجا قۇمۇلىي.

بىلىم بېغىنىڭ باغۋەنلىرى

يۇرتداشلىرىنىڭ مىننەتدارلىقى چەكسىز

تۈركسىب مەھەللىسىنىڭ جامائەتچىلىگى ئاسىيەم يۇسۇپوۋانىڭ نامىنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى 115- قازاق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە تەربىيە ئىشلىرى بويىچە مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە يۇرتتىكى ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر زىيالىلىرىمىزنىڭ بىرى ئابدۇخالىق ھەمرايېۋنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىر نەچچە يۇرت موتىۋەرلىرىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىلىق تۈركسىب مەھەللىسىدىكى 89- مەكتەپتە ئۇيغۇر سىنىپلىرى دەسلەپكى قېتىم ئېچىلغاندا يېڭىدىن ئېچىلغان بىرىنچى سىنىپنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئاسىيەم ھېچ قانداق ئىككىلەنمەستىن مۇدىرلىق لاۋازىمىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇشقا رازىلىق بەردى. ئەينە شۇنىڭدىن بېرى 9 يىل ئۆتتى.

ئەينە شۇ توققۇز يىل جەريانىدا ئاسىيەم بالىلارغا بىلىم بېرىش ۋە ئۇلارنى زامانغا لايىق تەربىيىلەشتە ئۆزىنىڭ ئۇستازلىق ماھارىتىنى سەرىپ قىلىپ، مەكتەپ كوللېكتىۋى ئىچىدە چوڭ ئابرويغا ئىگە بولدى. دەسلەپ ئۇ بىرىنچى سىنىپ مۇئەللىمى بولغان بولسا، ھازىر 1550 دىن كۆپرەك بالا ئوقۇيدىغان مەزكۇر مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇپ، بىلىم ئالىدىغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ سانىمۇ 220 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن 9 يىل مۇقەددەم ئۇيغۇر سىنىپىغا دەرس بېرىدىغان يالغۇز ئاسىيەم يۇسۇپوۋا بولغان بولسا، ھازىر تەجرىبىلىك ئالىي بىلىملىك ئون ئىككى مۇئەللىمگە يەتتى. مانا موشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئاسىيەم بىۋاستە ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ تەشكىلاتچىلىق قابىلىيىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى.

ئاسىيەم ئەسلى 1957- يىلى چېلەك ناھىيەسىنىڭ قارىتۇرۇق يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1974- يىلى ئۇيەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئوقۇشقا چۈشەلمەي يېزىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يېزىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن قىزىل شەرىق مەھەللىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە نېمىس تىلىدىن دەرس بېرىدۇ ۋە قوشۇمچە مەكتەپنىڭ ئاممىۋىي جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا ئاكتىۋ قاتنىشىدۇ.

- مېنىڭ ئۇستاز بولۇپ شەكىللىنىشىمگە قىزىل شەرىق مەھەللىسىدىكى مۇئەللىملەردىن: ماھىلەم مەسموۋا بىلەن كازىم ئىسمائىلوۋلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولدى، - دەيدۇ ئاسىيەم سۆز ئارا، - مەن ئۇلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. ئۇلار ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مول تەجرىبىلىرىنى ئۆگەتتى. شۇ نەرسىلەر تۈپەيلىمىكىن، ئائىلە مۇناسىۋىتى بىلەن ئالمۇتىغا كېلىپ 115- قازاق ئوتتۇرا مەكتىۋىگە ئىشقا ئورۇنلاشقاندىمۇ ھېچ قانداق تەنتىرىمەي، باشقا كوللېكتىۋ ئارىسىدىمۇ ئۆز ئورنۇمنى تېپىپ كېتەلىدىم. ئاستا ئاستا مەكتەپنىڭ تەربىيە ئىشلىرى بويىچە مۇدىرلىق دەرىجىسىگە كۆتىرىلدىم. 1985- يىلى چەت تىللار ئىنستىتۇتىنى ئىشتىن سىرت ئوقۇپ تۈگەتتىم. مەزكۇر مەكتەپكە كەلگەندىمۇ تۈركسىب ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىنىڭ ياردىمى بىباھا بولدى. مەسىلەن، ئابدۇخالىق ھەمرايېۋ، قېيىم كېبىروۋ، تۇرسۇن ھوسمانوۋ، سېلىمەم كېبىروۋا، روزىباقىيېۋلار ئائىلىسى ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھېچ قانداق قىينالغىنىم يوق. دەسلەپتە ئوقۇش قۇراللىرى جەھەتتىن كۆپ قىينالغان ئىدۇق. ھەتتا پۈتۈن بىر سىنىپقا پەقەت بىر كىتاپ بولغان ۋاقىتلىرى بولدى. ئۇنى ھازىر مېنىڭدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتقان باھارگۈل ئازاتسوپىيېۋا ئىككىمىز قىزىل شەرىق مەھەللىسىدىكى مەكتەپ مۇئەللىمى ئامىنەم قاسىموۋانىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلدۇق. شۇنداقلا ھەر يىلى ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا بالا قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە، ئۆيمۇ- ئۆي كىرىپ تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا يۇرت موتىۋەرلىرىنىڭ ياردىمىگە ئاپىرىن دەيمىز. ئەگەر ئۇلار بولمىسا، ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ يېپىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ، ئاسىيەم ئۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، توققۇزىنچى سىنىپقىچە ئېلىپ كەلدى. تۈركسىب مەھەللىسىدىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىمۇ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بەك رازى بولماقتا.

مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىلار ئۆز تارىخىنى بىلىدىغان، ئۆرپى - ئادەتلىرىنى چۈشىنىدىغان، تەرتىپ ئىنتىزاملىق، تەربىيە كۆرگەن بالىلاردىن بولۇپ يېتىلمەكتە.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا مەزكۇر مەكتەپتىكى ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى باشقىلارغا ئوخشاشلا جۇمھۇرىيەتلىك كونكۇرسلارغا، ئولىمپىيادىلارغا قاتنىشىپ ئىشەنچە ھوددىسىدىن شەرەپلىك چىقىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا مەكتەپتە ئابدۇرېشت بەرايېۋ رەھبەرلىكىدە مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلار ئانسامبلى بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆتكەن ئوقۇش مەۋسۇمىدا شەھەردىكى ئارىلاش مەكتەپلەر ئارا ئۇيغۇر مۇئەللىملىرىنىڭ كونكۇرسىغا قاتنىشىپ ئىككىنچى ئورۇننى ئېگىلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقان مەكتەپ مۇدىرى ۋېنامىن دىنىسوۋىچ كولوۋېۋ بىلەن ئاسىيەم يۇسۇپوۋانىڭ خىزمىتى زور.

پەيزۇللام ئەخمەتوۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

مۇشائىرە

«ئەجدادلار خاتىرىسى - ئەۋلادلار قەلبىدە»

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ پەرمانىغا بىنائەن 1997- يىل جۇمھۇرىيەت بويىچە «رازىمەنلىك ۋە خاتىرىلەش يىلى» دەپ ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆز مەزگىلىدە كۆتىرىلگەن ئالىيجاناپ ئىش ئىكەنلىكىنى بۈگۈنكى كۈن مەسىلىدىن ياخشى كۆرمەكتىمىز. ناھەق تەقىپلەنگەن ۋە قۇربان بولغانلارنى ئەسلەش، ئۇلارنىڭ روھى ئالدىدا تازىم قىلىش، ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ئەۋلادنىڭ مۇقەددەس بورچى. بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئەشۇ بىر بورانلىق يىللىرى ئۆلىنغان، يۈزلىگەن ئېسىل پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ. بىگۇنا سىياسىي تەقىپلەنگەنلەرنىڭ ئارىسىدا تۇغۇلغان ئېلىنى، مىللىتىنى چەكسىز سۆيىدىغان ئۇيغۇر يازغۇچى ۋە شائىرلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئاتالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن شۇم زامانغا، تۈزۈمگە قايتا - قايتا لەنەت ئوقۇغۇڭ كېلىدۇ.

يېقىندا قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى يېنىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشىنىڭ مەجلىسىدە ۋۇقۇرىدىكى مەسىلە توغرىلىق ئەتراپلىق سۆز بولۇپ، ھېچ بىر گۇناسى بولمىسىمۇ، تۈرمىلەردە ئازاپ چەككەن، ئېتىلغان مىكىلىغان قۇربانلارغا، شۇ جۈملىدىن بىۋاقىت ھايات بىلەن خوشلاشقان ئۇيغۇر يازغۇچى ۋە شائىرلىرى روھىغا بېغىشلاپ «ئەجدادلار خاتىرىسى - ئەۋلادلار قەلبىدە» ناملىق شېئىر بەيگىسىنى موشۇ يىلنىڭ دېكابر ئېيىدا ئۆتكۈزۈش ھەققىدە سۆز بولدى. مەزكۇر مەجلىستە ئېلىنغان قارار بويىچە مۇشائىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشى بىلەن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسى، قازاقستان تېلېۋىدېنىيىسى «ئالتاغ» پروگراممىسى بىللە ئۆتكۈزىدۇ.

بۇ مۇشائىرە ئۇمۇمەن جۇمھۇرىيىتىمىزدە «رازىمەنلىك ۋە خاتىرىلەش يىلى» ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان مەدەنىي چارە - تەدبىرلەر دائىرىسىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. مۇشائىرىگە شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ تەقىپ قۇربانلىرىغا، شۇ بىر قالايمىقان يىللاردا تۈرمىلەردە، سۈرگۈنلەردە ئازاپ چەككەن قەلەمداشلىرىغا بېغىشلانغان بەدىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلىرى بىلەن قاتنىشىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا قەلىمى ئۆتكۈرلەشكەن پېشقەدەم شائىرلار بىلەن بىللە ئەندىلا ئەدەبىيات مەيدانىغا قەدەم باسقان ياش ئىجاتكارلارمۇ قاتنىشالايدۇ.

مۇشائىرە ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى ئوقۇلىدىغان شېئىرلار كولەمى، سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇن كۈيلىتىش ئاشماسلىقى كېرەك.

غالىپ چىققانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار:

بىرىنچى مۇكاپات - 1.
ئىككىنچى مۇكاپات - 2.
ئۈچىنچى مۇكاپات - 3.
رەغبەتلەندۈرۈش مۇكاپىتى - 6.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن شائىرلىرىمىزنى قەدىرلەيدىغان تىجارەتچىلەر، شۇنداقلا مۇشائىرىگە ھامىي بولماقچى بولغانلار ھەرقانداق كىشى 31-84-33 79-84-33 تېلېفونلىرى ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقە باغلايدۇ دېگەن ئۈمىدتىمىز.

مۇشائىرىنىڭ دېكابرنىڭ قايسى كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ۋە مۇكاپاتلارنىڭ قانداق دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى گېزىتلىرىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىنىڭ بىرىدە خەۋەرلەيمىز.

ئېلان

1944- 1949- يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتاقلىق ئەرباپلىرىدىن بىرى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، گېنېرال زۇنۇن تېيىپوۋنىڭ 80 يىللىق تەۋەللۇدى مۇناسىۋىتى بىلەن 29 - سېنتەبىر كۈنى سائات 14.30 دا ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرە يىغىنىغا تەكلىپ قىلىمىز.

ئورنى: ئائېروپورت، ب. مايلىن كوچىسى 42 بىنا، ئۈچقۇچىلار مەدەنىيەت سارىيى.

مەركىنى ئۆتكۈزۈش كومىسسىيەسى.

قىسقا خەۋەرلەر

شېھىتلارغا ئاتاپ مەۋلۇت ئوقۇلدى

يېقىندا بىشكېك شەھىرى توكۇلدەش مەھەللىسىدىكى ئاق مەسچىت بىناسىدا بېيىل خىتاي زالىملىرىنىڭ قولىدا گۇناسىز ئېتىلغان كۆپلىگەن يىگىت - قىزلارنىڭ روھىغا بېغىشلاپ مەۋلۇت شەرىپ ئوقۇلدى.

مەۋلۇتقا قاتناشقان 500 دىن ئارتۇق جامائەتكە مەھەللە يىگىت بېشى مۇھەممەتجان مۇھەددىنوۋ تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى. ئابدۇراخمان قارى ھاجىم بىلەن دوستلۇق مەسچىت ئىمامى ئابدۇكېرىم ھاجىملار مەۋلۇت ئوقۇدى. ۋەتەنداشلارنىڭ ھەممىسى بىردەك: «خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى قانلىق باستۇرۇش، جازالاش ھەركەتلىرى توختىتىلسۇن!» دەپ تەلەپ قىلىشتى.

يىغىن ئەھلى موشۇ يەرگە كۆپچىلىكنى يىغىپ، دەستىخان سالغان ۋەتەنپەرۋەر خالىدەم ھاجىم ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرى نەبىجان بىلەن شۆھرەتلەرگە، يىگىت بېشىغا تەشەككۈر ئېيتتى.

ۋەتەنداشلار بىلەن ئۇچراشتى

يېقىندا سەئۇدىيە ئەرەبىستانىدىن ۋەتەنپەرۋەر ئابدۇقادىر ھاجىم بىلەن تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق سەلىيە ھاجىملار بىشكېك شەھىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشتى.

قىرغىزستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى نىغمەت ھاجىم بوساقوۋ بىلەن ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى سۇلتان ئەيسالارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مېھمانلار جامائەتچىلىك بىلەن ئۇچراشتى.

ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئامېرىكىدىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشىنىڭ كورۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن تېلېكاسسېتىنى قويۇپ بەردى.

تۇرسۇن ھاجىم قۇربانىي
بىشكېك شەھىرى.

دەسلەپكى چاغلاردا قارىسىڭىز بۇ يەرلەرنى قوراي بېسىپ ئالما شاخلىرى قۇرۇپ جاڭگالدەك كورۈنەتتى. باغنىڭ باغ بولۇپ ياشناپ تۇرۇشى باغۋەنگە باغلىق. شەخسىي ئۆز ئالدىمىزغا ئىشلەش باشلانغاندىن كېيىن «ئۆزەمنىڭ» دەپ ھەر بىر ئىشنى پۇختا ئىشلەيدىغان بولدۇق. قۇرۇغان ئالما شاخلىرىنى كېسىپ، پۇتاپ، چۆپلىرىنى چېپىپ مۇۋە دەرەقلىرىنى سۇغىرىپ بىر چىرايلىق باققا ئايلاندۇردۇم.

- ئىلگىرى نېمە ئىشلارنى قىلغان ئىدىڭىز؟

- مەن 1956- يىلى غۇلجا تەۋەسىدىن ئائىلەم بىلەن قازاقستان جۇمھۇرىيىتىگە كوچۈپ چىققاندا موشۇ «كورنىي - گىگانت» مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان ئىدىم. دەسلەپ سوۋخوزدا ھەر خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىم. كېيىن ئېتىز- ئېرىق، باغ - كوچەتلەرنى سۇغىرىشقا داۋاملىق قاتنىشىپ كەلدىم. توككەن تەر، قىلغان ئەمگەكلىرىم زايە كەتمىدى. ئۆز لايىقىدا تەقدىر - مۇكاپاتلارغىمۇ ئېرىشتىم.

«كوچەت بىر يەردە كوكلەيدۇ» دېگەندەك ئۇزاق يىللاردىن بېرى موشۇ يۇرتتا ياشاپ، ئېگىلىك ئىشلىرىغا قاتنىشىپ كېلىۋاتقان قۇربانجان غازىيېۋنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ ياخشى. ئايالى دۇرنەم بىلەن ئىناق - ئىجىل ياشاپ ئۈچ پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشتى. قۇربانجان بېيىلمۇ بېغىدىن مول ھوسۇل ئالغانلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ.

ئا. قاسىمىي.

يىللار ۋە ئادەملەر

قۇربانجاننىڭ بېغى

ياز كۈنلىرى «كورنىي - گىگانت» مەھەللىسىگە بارغان ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ گۈزەل قىياپىتىگە قاراپ زوقلانماي تۇرالمايدۇ. تاغ تەرەپتىن كېلىپ تۇۋەنگە سوزۇلۇپ كەتكەن چوڭقۇر جىلغىغا سىڭىنغان ئاددىي كوزكتىن ئۆتسىڭىز، ئۇ قاتتىكى ئالمىلىق باققا چىقىپ قالىسىز. بۇ باغنى كىشىلەر «قۇربانجاننىڭ بېغى» دەيدىكەن.

بىز ئېيۇل ئېيىدا «قۇربانجاننىڭ بېغىدا» بولغان ئىدۇق. قۇربانجاننىڭ دوستلىرى قۇربانجان ۋە ئۇنىڭ بېغى توغرىلىق ئىللىق سوزلەرنى قىلىشتى.

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ماختىنىشچىلىكى بار باغ ئىكەن. باغنىڭ گۈزەللىكى، ساپ - سالقىن ھاۋاسى، سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ نەغمە- ناۋاسى، پاكىز- ئازادىلىگى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئالمىلىرى كوزگە كورۈنۈپ قالغان. شاخلىرى بىلەن يەرگە تازىم قىلىپ ئېگىلىپ تۇراتتى. باغ ئىچىنى ئارىلاپ بىر تال قوراي تاپالمايسىز. چۆپلىرى پاكىز چېپىۋېلىنغان. سۇ كىرىۋاتقان ياكىۋ، كوكتاتلىق، قىزىرىپ پىشقان مالىنىلارغا قاراپ قۇربانجاننىڭ باققا تەۋەلىك بوش يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن سوھبەتلەشتىم.

- باغۋەن بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا ئۇزاق يىللار بولسا كېرەك؟

- شۇنداق. يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش باشلانغان دەسلەپكى يىلدىلا موشۇ ئىككى گېكتار باغنى ئالغان ئىدىم، - دېدى قۇربانجان ئوچۇق كوڭۈللۈك بىلەن. - مانا شۇنىڭدىن بېرى 10 يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى.

«Йеңи хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты «Уйгур авази», регистрационное свидетельство №480, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.
Газета отпечатано в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Дәуір», Алматы, 480044, пр. Достык, 7/4

تېلېفونلار: قوبۇلخانا - 59 - 84 - 33،
مەسئۇل كاتىپ - 01 - 92 - 33،
كاتىبات بولۇمى- 27 - 86 - 33، ئىجتىمائىي - سىياسىي بولۇمى 06 - 86 - 33
ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بولۇمى - 81 - 86 - 33،
ئىختىسات بولۇمى 17 - 86 - 33.

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات ئىشلىرى بويىچە مىللىي ئاگېنتلىقى.
تىراژى 3268
زاكاز 9749

باش مۇھەررىرى. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىبەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.